شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

BULAK 2013 2



# بۇلاق

# 源泉（布拉克）. BULAK

ISSN 1005-0876
04>
9 771005 087006

# غەزەل

كۆزۈڭ نى بەلا بولۇپتۇر
كى جاغا قارا بەلا بولۇپتۇر
مەجنۇنى دەۋايى دەرد قىلدى
دەردىڭكى ماڭا دەۋا بولۇپتۇر
ئىشق ئىچرە ئانىڭ فىداسى يۈز جان
يۈز جانكى ساڭا فىدا بولۇپتۇر
بېگانە بولۇپتۇر ئاشنادىن
بېگانەغە ئاشنا بولۇپتۇر
تا قىلدى يۈزۈڭ ھەۋاسى جانىم
يۈز سارى ئاڭا ھەۋا بولۇپتۇر
باقىي ئابار ئۆلكى بولدى فانىي
رەھرەۋغە فەنا بەقا بولۇپتۇر
تا تۈزدى نەۋايى ئايەتى ئىشق
ئىشق ئەھلى ئارا نەۋا بولۇپتۇر

نەۋايى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
ئۈچ ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

35 - يىل نەشرى   ئومۇمىي 149 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شەيخ مۆمىن شىرازىي
# ھەققىدە ھېكايە

شەيخۇل ـ ئىسلامنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئىسمايىل دەبباس مۇنداق دېگەن: ھەجگە بېرىش نىيىتىدە يولغا چىقىپ شىرازغا يەتتىم ۋە بىر مەسچىتكە كىردىم، ئۇ يەردە خىرقىسىنى ياماپ ئولتۇرغان شەيخ مۆمىننى كۆردۇم ـ دە، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇ مەندىن:

ــ سېنىڭ نېمە نىيىتىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەج قىلىش نىيىتىم بار، ــ دەپ جاۋاب بەردىم.

ــ ئاناڭ بارمۇ؟

ــ بار، ــ دېدىم مەن.

ــ قايتىپ بېرىپ ئاناڭنىڭ خىزمىتىدە بول، ــ دېدى ئۇ.

بۇ گەپ ماڭا ياقمىدى.

ــ نېمىگە تولغىنىسەن؟ ــ دېدى ئۇ شەيخ ماڭا، ــ مەن يالاڭ باش، يالاڭ ئاياغ، ئوزۇق ۋە ھەمراھسىز ئەللىك قېتىم ھەج قىلغانمەن، ھەممىسىنى ساڭا بەردىم، سەن ئاناڭنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقىنى ماڭا بەر.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆرمەتجان فىكرەت

# بۇلاق

2013 ـ يىللىق 2 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىسكەندەرى ئايىنە ........................ پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بوگۇ، ئىلھام ئابدۇللا

موللا نىزامىددىن ئاخۇنۇم ۋە «ھېكمەتى نىزامىددىن» ........................................ (30)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىبنى بەتۇتەنىڭ دەشتى قىپچاقتىكى ساياھىتى ........................ رىزائىددىن بىننى فەخرىددىن (60)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن، ھەسەنجان جۇمەخۇن، مۇھەممەتجان قادىر


### تىل، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە كېيىنكى نەشرلىرى توغرىسىدا ............ سابىت روزى (75)

قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا گۈزەللىك قارىشى ۋە زىبۇ ـ زىننەت، پەرداز مەدەنىيىتى ... ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي (83)

قومۇل ئالتۇنلۇقتىكى «چىنە گۈمبەز»گە ئالاقىدار بىر تاش ئابىدە ھەققىدە ...................... ئابلاجان يۈسۈپ (99)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

تاۋۇزچى باي (چۆچەك) ........................................................................ (107)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەدبىرلىك ياغاچچى (چۆچەك) ........................................................................ (109 )
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارى
خاسىيەتلىك تاش (چۆچەك)........................................................................ (111)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇلۋاھىد مۆلجەرى

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: سەلەي چاققان
(رەسسام: پەرھات ئىبراھىم)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات
خەتتاتلار: قاينام جاپپار، مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي

# ئىسكەندەرى ئايىنە *

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ، ئىلھام ئابدۇللا

## ئون سەككىزىنچى باب
## شىكار قىلىشنىڭ بايانىدا

بىلگىن، ئەي پەرزەنت، جىگەر پارەم، ئات مىنىش، ئوۋغا چىقىش ۋە چەۋگەن توپ ئويناشلار ئۇلۇغلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ياشلىق مەزگىلىدە تېخىمۇ شۇنداق.

ئەمما، ھەر ئىشنىڭ چېگىدا ۋە قانۇن ـ قائىدىلەر ئىچىدە بولغىنى تۈزۈك. شۇڭا، شىكارغا ھەر كۈنى بارما. بىر ھەپتە يەتتە كۈندۇر. شۇ يەتتە كۈننىڭ ئىككى كۈننى شىكارغا، ئۈچ كۈننى تائەت ـ ئىبادەت قىلماققا ۋە ئىككى كۈننى باشقىلارنىڭ ئەرز ـ ھالىنى سوراشقا سەرپ قىل.



ئەگەر ئات مىنمەكچى بولساڭ، جۈغى كىچىك ئاتقا مىنمە. چۈنكى، كىشى ھەرقانچە ئېگىز بوي بولسىمۇ، جۈغى كىچىك ئاتقا مىنسە، جانسىز، جىۋەك كۆرۈنۈپ قالىدۇ؛ ئەكسىچە ۋىجىك ئادەم ئېگىز ھەم زور ئاتقا مىنسە، كىشىگە بەستلىك ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ.

يەنە سەپەرگە ماڭغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا يورغا ئاتقا مىنمە، چۈنكى يورغا ئاتقا مىنگەندە، كىشى بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنى ئاتنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ ـ دە، ئاسانلا بىخۇدلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، شەھەر ۋە ئۆلكە ئارىسىدا ماڭغاندا شوخ، ئىتتىك ۋە ئويناق ئاتقا مىنگىن، شۇنداق ئاتنىڭ شاشلىقى تۈپەيلى ئۆزۈڭنى ھوشيار تۇتىسەن.

ئات ئۈستىدە ھەمىشە تۈز ۋە پۇختا ئولتۇرغىن. ئەلگە لەقۋا، بوشاڭ كۆرۈنمەيسەن.

يەنە شىكارگاھتا بىھۇدە، يەنى قارىسىغا ئات چاپتۇرما. بىھۇدە ئات چاپتۇرماق سەپرا مىجەز ۋە گۆدەكلەرنىڭ ئىشىدۇر.

يەنە بۆرە قوغلاپ ئات يۈگۈرتمىگىن. خەتەردىن ئۆزگە ھېچبىر خاتىرجەملىك ھاسىل بولمايدۇ. ئىككى پادىشاھ بۆرىگە

* بېشى ئالدىنقى ساندا.



بولغان ئۈچمەنلىكتىن ھالاك بولغان: بىرسى ئۇلۇغ بوۋام ئەمىر ۋەشمىگىر، يەنە بىرسى تاغامنىڭ ئوغلى ئەمىر شەرەفۇل ـ مەئالى.

شىكارگاھقا يەتكىنىڭدە قول ئاستىڭدىكىلەرگە بۇيرۇغىن: ئۇلار ھەر تەرەپكە ئات يۈگۈرتۈپ، ھايۋانلارنى ئۈركۈتكەي، ئۆزۈڭ ئات چاپتۇرۇپ يۈرمە. ئەگەر ئۇلۇغ پادشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ نام چىقىرىش، ھۈنىرىڭنى كۆرسىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ ئات چاپتۇرساڭ، راۋادۇر. ئەگەر شىكاردا بىرەر جانىۋارغا قوش سالماقنى، يەنى قوش بىلەن ئوۋ قىلماقنى ئىختىيار قىلساڭ، قارچىغا، شۇڭقار، لاچىن، ئىت، تايغان كەبى قوش ۋە ھايۋانلارنى بىللە ئېلىپ بېرىپ شىكار قىل. بۇنىڭدا ھەم شىكار ئارزۇسىغا يېتەلەيسەن، خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلىنالايسەن ھەمدە ئوۋ ـ شىكار تاماشىسى بىلەن كۆڭلۈڭدىكى غەشلىك ۋە مالامەتنى يوق قىلالايسەن. بولمىسا، ئۆزلىگەن ھايۋانلارنىڭ، يەنى ئۆلجاڭنىڭ گۆشىنى يېيىش ـ مۇ ياكى تېرىسىنى كىيىشمۇ نېسىپ بولماي قالىدۇ.

ئەگەر قارچىغا قوشلىماقچى بولساڭ، ئاۋۋال پادىشاھلارنىڭ قارچىغا قوشلاش ئادىتىدىن خەۋەردار بول. پادشاھلارنىڭ قارچىغا قوشلاش ئادىتى ئىككى قىسىمدۇر: خوراسان پادىشاھلىرى قارچى ـ غىنى ئۆز قوللىرى بىلەن قوشلىمايدۇ. ئىراق پادىشاھلىرىنىڭ ئا ـ دىتى شۇكى، ئۇلار قارچىغىنى ئۆز قوللىرى بىلەن قوشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، قارچىغا قوشلىماققا ئالاقىدار مەزكۇر ئىككى تۈرلۈك ئادەتنىڭ ھەربىرى دۇرۇستۇر.



ئەگەر سەن پادشاھ بولمىساڭ، كۆڭلۈڭگە خوش كېلىدىغان ئادەتنى ئىختىيار قىل. پادشاھ بولساڭ، قارچىغىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قوشلىساڭمۇ راۋادۇر. ئەمما، بىر قېتىم قوشلىغان قار ـ چىغىنى ئىككىنچى قېتىم قوشلىما، چۈنكى بىر قارچىغىنى تەكرار قوشلىماق پادشاھلارغا ياراشمايدۇ. ھەرقانداق قارچىغى ـ نى بىر قېتىملا قوشلىغىن ۋە قارچىغىنىڭ ئوۋنى ئالغان ياكى ئالالمىغانلىقىغا ئوبدان نەزەر سال. ئەگەر ئوۋنى بىر قېتىمدا ئالالمىسا، ئۇ قارچىغىنى بولدى قىلىپ، باشقا بىر قارچىغىنى ئىختىيار قىل. ئاۋۋالقى قارچىغىنى تەربىيەچىسىگە تاپشۇر. پادىشاھلارنىڭ شىكار قىلماقتىن مەقسىتى ئوزۇق يىغىش ئە ـ مەس، بەلكى كۆڭلىدىكى مالاللىقلارنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر.

ئەگەر شىكار جەريانىدا تايغان ياكى ئىت قويۇپ بېرىش لازىم بولۇپ قالسا، پادشاھلىق شەنىگە لايىق ھالدا خىزمە ـ تىڭدە بولۇۋاتقان غۇلاملارغا ئىتنى قويۇپ بېرىشنى پەرمان قىل. تايغان ياكى ئىتنى ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەرمەك، پادى ـ شاھلار ئۈچۈن نامۇۋاپىق ۋە بولمىغۇر ھەرىكەتتۇر. ئەمما، ئوۋ ـ نىڭ كەينىدىن ھەرگىزمۇ ئات چاپتۇرما. ئىتنى شىكارگاھقا



ئېلىپ بارماقنى خالىساڭ، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭ ئېتىڭنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ ئېلىپ يۈرمىگىن. ئىت يېتىلەپ يۈرۈش ناچار ئىللەتتۇر. ھالبۇكى، بۆرىنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ يۈرمەك ئەقىللىقنىڭ شەرتىدىن تاشقىرىدۇر؛ خۇسۇسەن پادىشاھلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

## ئون توققۇزىنچى باب
## چەۋگەن ئويناقلىقنىڭ تەرتىپى

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، چەۋگەن ئويىناقنى دائىملىق ئادەت قىلىۋالما. چۈنكى، نۇرغۇن ئادەمگە چەۋگەن ئويناماق بىلەن زەخمەت يەتكەن.

ھېكايەت: ئۆمرۇ ئىبنى لەيس بىر كۆزلۈك ئىدى. بەخت يار بولۇپ خۇراسانغا ئەمىر بولدى.

بىر كۈنى ئەمىر چەۋگەن توپ ئويناماق ھەۋىسى بىلەن مەيدانغا باردى.

ئۆمرۇنىڭ ئەزھەر ئاتلىق بىر باش قوماندانى بار ئىدى. ئۆمرۇ ئۇنىڭ رايى ۋە مەسلىھەتىسىز ھېچ ئىش قىلمايتتى. ئەزھەر كېلىپ ئۆمرۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ:

— مەن سىزنى چەۋگەن توپ ئوينىغىلى قويمايمەن، — دېدى.



ئۆمرۇ ئېيتتى:

— چەۋگەن ئويناماق راۋادۇر، نېمە سەۋەبتىن مەنئى قىلىسەن!؟

ئەزھەر دېدى:

— مېنىڭ ھەر ئىككى كۆزۈم سالامەتتۇر. كوتۇلمىگەندە چەۋگەن توپ تېگىپ بىر كۆزۈم كەتسىمۇ، يەنە بىر كۆزۈم باقىي قالىدۇ. مۇبادا پادىشاھنىڭ بىر كۆزىگە چەۋگەن توپ تېگىپ نابۇت بولسا، خۇراساننىڭ پادىشاھلىقى بەربات بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مەنئى قىلدىم.

ئۆمرۇ ئېيتتىكى:

— يا ئەزھەر، ھەق ئېيتتىڭ، بۇ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلدىم. ھاياتلا بولسام، چەۋگەن توپ دېگەننىڭ كوچىسىغا ھەرگىزمۇ يېقىن يولىمايمەن!

ئەگەر يىلدا بىر - ئىككى قېتىم چەۋگەن ئويناماق ئىختىيار قىلىنسا، راۋادۇر. ئەمما، مەيداندا ئاتلىقلار بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، خەتەردىن ساقلانماق تەس. شۇڭا، چەۋگەن ئوينىغاندا، ئاتلىقلارنىڭ سانى سەككىز نەپەردىن زىيادە بولمىغاي. سەن ئىمكان بار مەيداننىڭ بىر تەرىپىنى بويلاپ ئات چاپتۇر. يەنە بىر كىشى يەنە بىر تەرەپىدە ئات چاپتۇرسۇن. قالغان ئالتە كىشى مەيداننىڭ

ئوتتۇرىسىدا گوي ئۇرغاي. قاچانكى چەۋگەن توپ سىنىڭ تەرىپىڭگە كەلسە، ئۇرۇپ ياندۇرغىن. ئاتنى ئۆز ئەندىزىسى ۋە ھەۋىسى بويىچە يورغىلات. ئەمما، مەيداندا مۇرە سوقۇشتۇرۇپ چەۋگەن ئويناشنى، رەقىبلىرىڭنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشنى تەقەززا قىلما، شۇندىلا يىقىلىپ چۈشۈپ ئات ئايىغىدا يانجىلماقتىن ئەمىن بولۇپ، ئامان - ئېسەن مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن!

چەۋگەن ئويىنماقلىقنىڭ تەرىقى ئۇشبۇدۇر.



## يىگىرمىنچى باب
## جەڭ قىلماق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ تەرىقى

ئەي ئوغۇل، جەڭ قىلماق ۋە سوقۇشماقنى ئىرادە قىلغىنىڭدا، مەيداندا ئاۋۋال قورقۇنچاقلىق ۋە سۇسلۇقنى نومۇس بىل. ھازىرلىقىڭ شۇنداق بولغايكى، ئەگەر دۈشمەن لەشكىرى كەچلىك تائام يېمەككە مەشغۇل بولسا، سەن گەرچە ئەتىگەنلىك تائام يېگەن بولساڭمۇ، دۈشمەن ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ بارغىن. مەيداندا ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭ نىشانىسى كۆرۈنگەن ھامان، جەڭ قىلماققا ئەسلا بوشاڭلىق قىلما ۋە جېنىڭنى ئاياپ ئولتۇرما. دۈشمەننى كۆز ئالدىڭدا «ئۇخلاتماق» قەستىدە بول، جەڭ مەيداندا ئۆز ئۆيۈڭدە ئۇخلىغاندەك ئۇخلىماق راۋا ئەمەستۇر. ئۇشبۇ مەنىدە ئىككى بېيىت تەھرىر قىلىندى. بېيىت:



ئانى جان جۇفتىدىن تاق ئەتمەك ئىستەرسەن قىلىپ مەقتۇل،
سەن ئۆيدە ئەيش ئېتىپ جۇفتۇڭ بىلە ياتماق ئەمەس مەقبۇل.

ئەدۇۋ ئۆلتۈرگەلى شىر ئولسا، نە پەيداۋۇ نە مەجھۇل،
قىلارمەن شىرنىڭ ھەلقىغە پات شەمشىرنى مەبزۇل.

مەيداندا بىر قەدەم ئىلگىرى يۈرمەككە پۇرسەت بولسىلا، كەينىڭگە يانما. ئەگەر دۈشمەن ئارىسىدا قاپسىلىپ قالساڭ، جەڭ قىلماقتىن ھەرگىزمۇ توختاپ قالما. دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدىن پەقەت جەڭ ئارقىلىقلا قۇتۇلغىلى بولىدۇ. دۈشمىنىڭ سېنىڭ جۈرئەت - جاسارىتىڭنى، بارغانسېرى ئىلگىرىلەۋاتقىنىڭنى كۆرسە، سەندىن قورقىدۇ. ئۇنداق ھالەتتە ئۆلۈمنى خىيالىڭغا كەلتۈرمە. ئەلۋەتتە، قورقماي يۈرەكلىك بول. قىسقا شەمشەرمۇ باھادىر ئەرنىڭ قولىدا ئۇزىرايدۇ. شۇڭا، جاسارەت كۆرسەتمەكتىن سەۋەنلىك سادىر قىلما. ئەگەر سەندىن سۇسلۇق، قورقۇنچ ئالامەتلىرى بايقىلىپ قالىدىكەن، مىڭ جېنىڭ



بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىن بىرسىنى قۇتقۇزالمايسەن. ئاجىز، ئانچىكى كىشىمۇ سىنىڭ ئۈستۈڭدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا نومۇسسىزلارچە ئۆلسەن ھەم يامان نام ـ ئاتاققا قالىسەن. (ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ) خەلق ئارىسىدا نامەردلىك بىلەن مەشھۇر بولىسەن. ئۆز ئۇرۇق ـ ئايماقلىرىڭ ئارىسىدا ھەممىشە ئار ـ نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەيسەن. ئادەمدە نام ـ ئاتاق بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئارىسىدا ئىززەت ـ ئابرۇيى كەم بولسا، ئۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگەن ياخشىدۇر. شۇڭا، ئار ـ نومۇس ئىچىدە ھايات يۈرگەندىن، ياخشى نام قالدۇرۇپ ئۆلگەن خوپتۇر.

ئەمما، ناھەق قان تۆكمەككە جاسارەت كۆرسەتمە. ئىككى جاھاندىكى، يەنى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى بەختسىزلىك ناھەق قان تۆكمەكلىكتىندۇر. ناھەق قان تۆكسەڭ، بىرسى، قىيامەتتە ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىسەن؛ يەنە بىرسى، بۇ ئالەمدە شۇ ئىپلاسلىقىڭ تۈپەيلى يامان ئاتاققا قالىسەن. ھېچبىر پۇقرا سەندىن خاتىرجەم بولالمايدۇ، غۇلام ۋە خىزمەتكارلار ئۈمىدلىرىنى ئۈزىدۇ، خالايىق ئىختىيارسىز ھالدا جان ـ جەھلى بىلەن سەندىن قاچىدۇ، ھەممە كۆڭلىدە ساڭا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ناھەق خۇن تۆككۈچى ناھەق خۇن تۆككەنىنىڭ جازاسىنى ئۇ دۇنيادىلا كۆرۈپ قالماي، بۇ ئالەمدىمۇ تارتىدىغانلىقى تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن مەلۇم ھەمدە كىتابلاردىمۇ بايان قىلىنغان. بەس، قانداقتۇر تەلىيى ئوڭ كېلىپ، بۇ ئالەمدە جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان بەزى كىشىلەرنىڭ جازاسىنى ناكەس پەرزەنتلىرى تارتىدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭگە ۋە پەرزەنتلىرىڭگە كەرەم قىلىپ، ناھەق خۇن تۆكمەكتىن پەرھىز قىل.



ھېكايەت: بوۋام شەمسۇل ـ مەئالى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ئۇ ئادەمنى كۆپ ئۆلتۈرەتتى. ھېچبىر مەھرەمنىڭ خۇنىدىن ئۆتمەيتتى، ئەپۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق يامان قىلىقى تۈپەيلى لەشكەر ۋە ھەممە ئۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتۇپ، ئۇنى ئاغدۇرماق نىيىتىدە ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاغام مەلەكۇل ـ مەئالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتىلاركى:

«ئەگەر سەن بۇ ئىشتا بىز بىلەن ھەمنەپەس بولماي، باشقىچە پىكىردە بولساڭ، بىز بۇ پادىشاھلىقنى ياتلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزىمىز.»

مەلەكۇل ـ مەئالى ناۋادا لەشكەرلەرنىڭ رايىغا باقمىسا، مەملىكەت ئۆز خانىدانلىرىنىڭ ئىلكىدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدى. ئامالسىز مەملىكەتنىڭ ئىستىھكامىنى دەپ، لەشكەرنىڭ رايىغا باقتى. ئاندىن شەمسۇل ـ مەئالىنى تۇتۇپ، قەپەسكە سولاپ، نەچچە كىشىنى ئۇنىڭغا قارىغۇچى قىلىپ تەيىنلەپ، قەلئەگە ئەۋەتتى. قارىغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللا جەممازە ئاتلىق بىر كىشى بار



ئىدى. شەمسۇل ـ مەئالى يولدا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئابدۇللا، بۇ ئىشنىڭ بىناسى ۋە تەدبىرىنى كىمنىڭ پەيدا قىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن نېمىدەپ بىلمىدىم؟ — دەپ سورىدى.

ئابدۇللا:

— بۇ پالانى، پالانى سەركەردىلەرنىڭ ئىشىدۇر، ئۇلار لەشكەرلەرنى ئالداپ بۇ ئىشقا قىزىقتۇردى. مەنمۇ شۇ يەردە ئۇلار بىلەن بىللە ئىدىم، ئەلگە قىلچە بىلىندۇرمەي، بۇ ئىشنى مۇقامىغا يەتكۈزدۇم. ئەمما، سەن بۇ ئىشنى مەندىن ۋە ياكى باشقا بىرسىدىن كۆرمەي، ئۆزۈڭدىن كۆر. تۇتقۇنلۇقۇڭغا لەشكىرىڭنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئەمەس، بەلكى قانخورلۇقۇڭ سەۋەب بولدى، — دەپ بەش كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى.

ئەمىر شەمسۇل ـ مەئالى دېدىكى:

— يالغان ئېيتتىڭ. ماڭا بۇ ئىش ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكىمدىن يەتتى. ئەگەر مەن سېنى شۇ بەشەيلەن بىلەن ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسام، بۈگۈن بۇنداق هادىسە بولمايتتى.

ئەلۋەتتە، ئەمىر بۇ ئالتە كىشىنىڭ خۇنىنىمۇ تۆككەن بولسىيدى، ئۇ سالامەت ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن بولاتتى. بۇنداق دېيىشىمدىن مەقسەت، قانداقتۇر، ناهەق ئادەم ئۆلتۈرسە بولىدۇ، دېگەنلىكىم ئەمەس. شەرىئەت بويىچە ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تەخىر قىلماي ئۆلتۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلاردا قىلچە سۇسلۇق قىلما. ئەمما، هەرمىئاغىسى قىلىش ئۈچۈن كىشىنى ئاختا قىلماقنى ئادەت قىلما. كىشىنى ئاختا قىلماقلىق ناهەق خۇن تۆككەنگە باراۋەردۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ۋاقتىلىق غەرىزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نەسلىنى جاهاندىن يوق قىلماقتىنمۇ ئېغىر زۇلۇم بولمىسا كېرەك!



ئەگەر ساراي خادىملىرى ساقلىماقنى هەۋەس قىلساڭ، پىشقان، تەجرىبىلىك خادىمنى سېتىۋال. ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مەنپەئەتى ساڭا، گۇناهى ئىلگىرىكى غوجايىنىغا بولغاي. تاكى ئۆزۈڭنى باشقىلار تۇپەيلى يۈز بېرىدىغان ئېغىر جىنايەتلەردىن مۇهاپىزەت قىلغان بولىسەن.

ئەمما، جەڭ قىلماقنىڭ تەرتىپنى مەن ئېيتقان تەرتىپ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇر. ئۆزۈڭنى ئايىما. تېنىڭنى ئىتلارغا يەم ئورنىدا تاشلاپ بەرمە. شىر كەبى نام ـ ئاتاقتا ئېرىشكىن. نام ۋە نانىنى قولغا كەلتۈرمەك ئاسان، ئەمما ئۇنى ساقلىماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس. شۇڭا، قولغا كەلگەن نام ـ ئاتاق، مال ـ دۇنيالىرىڭنى تىرىشىپ ياخشى ساقلىغىن؛ مال ـ دۇنيا يىغىش ۋە خىراجەت قىلىش-

نىڭ تەرتىپلىرىنى ئۆز ئەندىزىسى بويىچە ئوبدان بىر تەرەپ قىل!



## يىگىرمە بىرىنچى باب
## مال ـ دۇنيا يىغىش يولى

— ئەي ئوغۇل، بىر نەرسە يىغىشتىن ئۆزۈڭنى غاپىل تۇتما. لېكىن، دۇنيا پالاكىتىنى ياقتۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە تاشلىما. تىرىشساڭ ھەر ئامال بىلەن مال ـ دۇنيا يىغالايسەن، ئەمما يىغقان مال ـ دۇنيالىرىڭ ھالال ئەمگىكىڭدىن بولسۇنكى، سىڭگەي!

مال ـ دۇنيا قولۇڭغا يىغىلغاندا، ئۇنى ياخشى ساقلا، ھەرگىز ئەھمىيەتسىز ۋە بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلما. دۇنيا تاپماق ۋە ئالتۇن يىغماقتىن، يىغقان مال ـ دۇنيانى ساقلىماق مۈشكۈلدۇر. ئەگەر پۇل ـ مېلىڭنى بىرەر لازىملىق نەرسە ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولساڭ، ۋاقتىدا ئامالىنى قىلىپ، شۇ سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مېلىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىش. ناۋادا پۇلنى بولۇشىغا خەجلەپ، ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلمىساڭ، قارۇننىڭ خەزىنىسى بولسىمۇ توشمايدۇ. ئەمما، پۇل ـ مېلىڭغا باقىي، مەڭگۈلۈك دەپ ئەقىدە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا كۆڭۈل باغلاپمۇ كەتمە. كۈنلەرنىڭ بىرسىدە تۇيۇقسىز غايىب بولغان دوستۇڭغا ۋە ياكى دۈشمىنىڭگە ئوخشاش ئۆز ئادىتىنى قىلىپ، ئېلىكىڭدىن كەتسە، بەك قايغۇرۇپمۇ كەتمە.



پۇل ـ مېلىڭ ساناقسىز، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭ ھېسابسىز بولسىمۇ، ئالدى ـ كەينىگە بېقىپ ئىستېمال قىلغىن. جايىدا ئىشلىتىلگەن ئاز پۇل جايىدا ئىشلىتىلمىگەن كۆپ پۇلدىن ياخشى. بىراق، ئېسىڭدە بولغايكى، پۇلۇڭنىڭ كەملىكى تۈپەيلى غەيرىيگە موھتاج بولغىنىڭدىن، نۇرغۇن پۇل ـ مېلىڭنىڭ ئۆزۈڭدىن ئېشىپ قالغىنى ياخشىدۇر.

ئېيتىپتۇرلاركى: «دوستۇڭدىن بىر نەرسە تىلىگەندىن، پۇل ـ مېلىڭنىڭ دۈشمىنىڭگە قالغىنى ئوبدانراقتۇر». بېيىت:

كەلتۇر ئېلىكىڭگە زەرۇ بۇ مەئەندە،
نەچە كۈن بولغاسەن بۇ مەسكەندە.
بولغانىڭدىن ھەبىبغە مۇھتاج،
ياخشىدۇر قالسا مال دۈشمەندە.

(پۇل، مال) تاپماقنىڭ رەنج ـ مۇشەققىتىدىن ئۇنى ساقلىماقنىڭ مېھنىتى زىيادىدۇر. گەرچە ھەرقانچە تۆۋەن باھالىق بىر نەرسە بولسىمۇ، ئۇنى ساقلاشنى زۆرۈر دەپ بىلگىن. ئەرزان باھا-



لىق نەرسىنى ساقلىيالىغان كىشى قىممەت باھالىق نەرسىنىمۇ ساقلىيالايدۇ. ئۆز ئىشىگىنى باشقىلارغا قىلدۇرغىنىڭدىن ئۆزۈڭ قىلغىنىڭ ياخشى.

ئۆز ئىشىگىنى ئۆزۈڭ قىلغانلىقىڭنى كىشى قىلىپ بەرگەندىن ئوبدان دەپ بىلگىن. ھۆرۈنلۇقنى نومۇس بىلگىنكى، ھۆرۈنلۇق — بەختسىزلىكنىڭ نىشانىدۇر. ھەرقاچان رەنج - مۇشەققەتنى ئۆزۈڭگە زۆرۈر دەپ بىل، چۈنكى رەنج - مۇشەققەتتىن بايلىق ھاسىل بولىدۇ. رەنج - مۇشەققەت — گەنجىنىڭ سەرمايىسىدۇر؛ ھۆرۈنلۇق ۋە ئېرىنچەكلىك — نامراتلىقنىڭ دەسمايىسىدۇر.

ھۆكۇمالار ئېيتىدۇكى: تىرىشچان، ئىشچان بولساڭ، باياشات ياشايسەن؛ بارىغا قانائەت قىلساڭ، زەردار بولىسەن؛ خۇش مۇئامىلىلىك ۋە كەمتەرلىكنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلساڭ، پۈتكۈل ئەل نەزىرىدە ئەزىز بولىسەن!

رەنج - مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلگەن ئەشيانى ئاتچىكى غەپلەت ۋە ھۆرۈنلۇق تۈپەيلى بەرباد قىلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى، شۇ ئەشياغا موھتاج بولغان ۋاقتىڭدا پۇشايمان قىلساڭمۇ پايدىسى بولمايدۇ. لېكىن، مۇشەققەت چېكىپ پۇل - مال يىغقانىكەنسەن، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئۆمرۈڭنى ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگىن. پۇل - مال ھەرقانچە ئەزىز بولسىمۇ، لازىملىق خىراجەتكە چەك قويما. كىشى مال - دۇنيالىرىنى ھېچقاچاندا گۆرىگە بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما، چىقىمىڭ كىرىمىڭگە قاراپ بولسۇن ، ھاجەتمەن بولۇپ قالمايسەن. موھتاجلىق، ھاجەتمەنلىك — پېقىرلارنىڭ سۈپىتىدۇر. مال - دۇنيالىرىنى ئورۇنسىز سەرپ قىلغۇچىلار ھامان موھتاجلىقنىڭ تەمىنى تېتىماي قالمايدۇ. مەسىلەن، تاپقىنىڭ بىر يارماق، خىراجىتىڭ بىر يېرىم يارماق بولسا، ھەمىشە موھتاجلىق - ھاجەتمەنلىكتە ئۆتىسەن. ئەگەر تاپقىنىڭ بىر دىرھەم بولسا، شۇ بىر دىرھەم پۇلدىن چارەك كەم خىراجەت قىلساڭ، ھەرگىز موھتاجلىققا قالمايسەن. قىسقىسى، ئىلكىڭدە بارىغا قانائەت قىل. قانائەت — بايلىق باغچىسىنىڭ شاخچىسىدۇر. رىزىق - نېسىۋە قىسمىتىڭ بولغانىكەن، ئۇ ساڭا يەتمەي قالمايدۇ. مۇبادا ساڭا ئالاقدار بىرەر ھادىسە سادىر بولۇپ، ئۇ ئەلنىڭ سۆلھىسى ياكى شاپائىتى بىلەن بىرتەرەپ بولغۇدەك بولسا، ئۇ ھادىسىنى ئۆزۈم ھەل قىلىمەن دەپ بىھۇدە پۇل خەجلىمە. بۇ زاماندا پۇلسىز كىشىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ، سۆزىنىڭمۇ ئېتىبارى بولمايدۇ. ھالبۇكى، بايلاردىن ھېچ مەنپەئەت يەتمىسىمۇ، كىشىلەر شۇلارنى دوست تۇتىدۇ؛ ئەپسۇس، كەمبەغەللەردىن ھېچ زىيان يەتمىسىمۇ، كىشىلەر ئۇلارنى يامان كۆرىدۇ.





ئادەم ئۈچۈن ئەڭ يامان سۈپەت تەمەخورلۇق ۋە ئېھتىياجدۇر. بايلار ئۈچۈن مەدھىيە ۋە پەزىلەت بولغان خىسلەت كەمبەغەللەر ئۈچۈن مالامەتتۇر. ئەڭ ياخشى سۈپەت ۋە پەزىلەت خەير - ئېھسان ۋە ساخاۋەتتۇر. خەير - ئېھسان ۋە ساخاۋەت ئادەم ئۈچۈن زىننەتتۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە شەرىپى شۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىش - ئەمەللىرىنىڭ مىقدارىچە بولىدۇ. ئەمما، قىلغان ئىش - ئەمەللىرىڭ لايىقىدا، ئۆز ئەندىزىسى ئىچىدە بولسۇن. ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمە. ئىسراپچىلىقمۇ قىلما. ئىسراپچىلىق — خۇدايىتائالانىڭ دۈشمىنىدۇر. خۇدايىتائالا ياخشى كۆرمىگەن، دۈشمەن بىلگەن ھەرقانداق بىر ئىشنى چاكارنىڭ ياخشى كۆرمىكى شۇملۇق ۋە بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ھەقتە خۇدايىتائالا ئۆز كالامىدا مۇنداق پەرمان قىلغان: «يەڭلار، ئىچىڭلار، لېكىن ئىسراپ قىلماڭلار. خۇدايىتائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ».

«قۇۋۋەتۇل - قۇلۇب» (قەلبلەر قۇۋۋىتى)تا مۇنداق زىكىر قىلىنغان: «بىر كۈندە ئىككى ۋاخ تائام يېمەك — ئىسراپچىلىقتۇر».

بەزى نەقىلچىلەر مۇبالىغە قىلىپ: «ئادەملەر ھەر نەرسىنى ئارزۇ قىلسا ۋە ئارزۇ قىلغىنىنى يېسە، مانا بۇ ئىسراپچىلىقتۇر؛ ئادەملەرنىڭ ئەڭ يارىماسلىرى — تامام ھىممىتىنى يېمەك ۋە ئىچمەككە سەرىپ قىلغۇچىلاردۇر» دەيدۇ.



«كەلامى ھەقايىقى سەمات سىلسىلەتۇل - زەزەب»تە مەزكۇردۇركى، بېيت:

خاجەنى كۆركى، سۇبھەدىن تا شام،
قىلغاي ئەندىشەئى شەرابۇ تائام.

بولۇبان خۇش دىلىيۇ خۇش ھالى،
كى قىلۇر بەتنى پۇر، گەھى خالى.

فىكر قىلماس بىھىشت يا دەۋزەخ،
جايىدۇر مەزبەلە ۋەيا مەتبەخ.

شەيخۇل - ئىسلام ئەنسارىي ئېيتىپتۇرلاركى: «ئەگەر ھەممە دۇنيانى بىر لوقما قىلىپ بىر دەرۋىشنىڭ ئاغزىغا سالساڭ، ئىسراپچىلىق بولمىغاي؛ ئەمما خۇدايىتائالانىڭ رىزالىقى يوق ۋە گۇناھىغا توۋا قىلمايدىغان كىشىگە بەرگىنىڭ — ئىسراپچىلىقتۇر.»

خۇدايىتائالا ياقتۇرمىغان ھەرقانداق بىر ئىش - ھەرىكەتنى چاكارمۇ ياقتۇرمايدۇ! ھەرقانداق ئاپەتنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ.

پىقىرلىق ۋە نامراتلىقنىڭ سەۋەبى ـــ ئىسراپچىلىقتۇر. ئەمما، ئەھلى ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن لايىقىدا چىقىم قىلماق، چىكى ۋە ئۆز ئەندىزىسى ئىچىدە يېمەك، ئىچمەك، مېھمانلارغا زىياپەت بەرمەك، نەزىر ۋە سەدىقە قىلماق ئىسراپچىلىق ھېسابلانمايدۇ.

يېمەك ـ ئىچمەكتىكى ئىسراپچىلىقنىڭ ئاشكارا زىيىنى ـــ تەننى ئۆپرىتىدۇ، نەپەسنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئەقىلنى قاچۇرىدۇ، ئۆلۈمنى تېزلىكتە يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، چىراغنىڭ يورۇق يېنىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ۋە سەرمايىسى ياغدۇر، ئەمما ياغ نورمال بولۇشى كېرەك. مۇبادا، ياغ بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، پىلىك ياغقا چىلىشىپ قالىدۇ ـ دە، چىراغنىڭ ئۈچۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بەس، مەلۇم بولدىكى، چىراغنىڭ يورۇپ تۇرۇشى ياكى ئۈچۈپ قېلىشى چىراغقا قۇيۇلغان ياغنىڭ نورمال بولۇش ياكى بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇشبۇ جەھەتتىن ھەق سۇبھانە ۋەتائالا ئىسراپچىلىقنى دۈشمەن سانىغان.



ئىسراپچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھەققەتەن زىيانىدۇر، ئەمما تېجەشلىك بولىمەن دەپ، پۇلنى مەھكەم تۇتۇپ، جېنىڭنى بېخىللىق بىلەن داغلاپ، رىزىق ۋە نېسىۋەڭنىڭ ئىشىكىنى يۈزۈڭگە باغلىماقنى تەسەۋۋۇر قىلما. ئۆزۈڭنى ياخشى ئاسرا. لازىملىق ۋە ئەرزىگۈدەك ئىشلار ئۈچۈن پۇل خەجلەشتە سەۋەنلىك سادىر قىلما. ھەر كىم ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا سەۋەنلىك سادىر قىلسا، سائادەتنىڭ چار بېغىدىن بەخت گۈلىنى ئۈزەلمەيدۇ؛ شاراپەت دەرياسىدىن مۇراد ۋە ئىززەت دۇرلىرىنى سۈزەلمەيدۇ، ئەزىزلىك بېغىدا مېۋىسىز قالىدۇ.



پۇل ـ مال ھەرقانچە ئەزىز بولسىمۇ، جاندىن ئەزىز ئەمەستۇر. شۇڭا، قولۇڭدىكى پۇل ـ مېلىڭنى مۇھىم ئىشلاردا خەجلىمەكتىن ئايانما. جاپا چېكىپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يىغقان پۇل ـ مېلىڭنى توغرا نىيەت بىلەن ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىل. ھەرگىزمۇ شاراب، قىمار ۋە پاسىق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلما. بۇنداق يارىماسلارنى «ئوغرى» دەپ پەرھىز قىل. بۇ تېپتىكى ئادەملەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن شۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىشىدۇكى، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ، سەندىن قەرز سورايدۇ. پۇلنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، قايتۇرۇش خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ، باھانە ـ سەۋەبلىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق نابابلارغا قەرز بەرمەكتىن ئېھتىيات قىلغىن.

تۇرلۇك ئەشيا، يەنى پۇل ـ مال جەمئىي قىلماقتا سەۋەنلىك كۆرۈلمىسۇن. ھۆرۈنلۇق بىلەن تېنچ ياشاش رەنج ۋە



زەخمەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ھەممە رەنج ۋە ئاپەت كۆچۈكنى ئايغانلىقتىن يۈز بېرىدۇ. سەمىڭدە بولغايكى، بۈگۈنكى راھەت - پاراغەت ئەتىكى كۈننىڭ رەنج - مۇشەققىتىدۇر؛ بۈگۈنكى مېھنەت ۋە مۇشەققەت ئەتىكى راھەت - پاراغەتنىڭ سەرمايىسىدۇر. خاھى مۇشەققەت بىلەن، خاھى پاراغەت بىلەن بولسۇن، تاپقان پۇل - مېلىڭنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، بىر ھەسسىسىنى ئەھلى ئائىلىڭنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى قىل؛ بىر ھەسسىسىنى يىغىپ قوي، تا قېرىپ كۈچتىن قالغان ۋاقتىڭدا، يا بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ قالغان ۋاقىتتا دەردىڭگە داۋا بولىدۇ؛ قالغان بىر ھەسسىسىنى ئاسان بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان، ئاسان خورىمايدىغان ئۆي جابدۇقلىرىغا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاۋاھىراتلارغا سەرپ قىل. پۇلۇڭ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە بۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېشىپ قالغۇدەك بولسا، ئاشقىنىنى مۇۋاپىق بىر يەرگە كۆمۈپ يوشۇرۇپ قوي. يەر ئامانەتنى خالىغان ۋاقتىڭدا قولۇڭغا بىخىيانەت تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بېزەك ئورنىدا ياخشى كۆرۈپ سېتىۋالغان بىرەر ئەسۋابنى «كېيىن يەنە سېتىۋالارمەن» دېگەن تەمە بىلەن باشقا بىر لازىملىق نەرسىگە تېگىشىۋەتمە ياكى سېتىۋەتمە، كېيىن ياندۇرۇۋالماي قالساڭ، ئۆي ئىچىدە شۇ جابدۇقنىڭ ئورنى بوش قالىدۇ، ھەتتا ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي سەنمۇ يوقسۇللارنىڭ يوقسۇلراقى بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن. يەنە بىرسى، ھەرقانچە زۆرۈر بولسىمۇ، بىراۋدىن قەرز ئالما ۋە بىرەر نەرسەڭنى باشقىلارغا گۆرۈگە قويما. بولۇپمۇ كىشىدىن پايدا ئىزدەپ قەرز ئالما. كىشىدىن قەرز ئېلىش خارلىق ۋە كەم ھۆرمەتلىكنىڭ نىشانىدۇر. ئىمكانىڭنىڭ بارىچە كىشىگە قەرز بەرمە، بولۇپمۇ دوست - يارەنلىرىڭگە قەرز بەرمە. چۈنكى، قەرز بېرىپ تۇرمىغانلىقنىڭ ئازارىدىن، بەرگەن قەرزنى ياندۇرۇپ ئالماقنىڭ ئازارى يامانراقتۇر.



بەس، ئەگەر دوست - يارەنلىرىڭگە قەرز بەرسەڭ، بەرگەن ئۇ قەرزنى ئۆز مېلىڭ قاتارىدا ھېساب قىلمىغىن ۋە كۆڭلۈڭدە: «بېرىلگەن قەرز پۇلنى دوستۇمغا ئاتىۋەتتىم، ئۆزى بەرمىگۈچە سورىماسمەن» دەپ خىيال قىل. شۇ بەرگەن قەرزىڭنى سوراش تۈپەيلى دوستلۇقۇڭغا تەسىر يەتمىسۇن، دوستلۇق - ئۇلپەتچىلىك رىشتىسى ئۈزۈلمىسۇن. چۈنكى، دوستنى دۈشمەن قىلماق ئاسان، ئەمما دۈشمەننى دوست قىلماق تولىمۇ مۈشكۈلدۇر. بىلگىنكى، دوستنى دۈشمەن قىلىش نادان ۋە غاپىللارنىڭ قىلىقىدۇر؛ دۈشمەننى دوست قىلىش دانا ۋە ئاقىللارنىڭ خىسلىتىدۇر.

مۇمكىن بولغاندا، قولۇڭدىكى پۇل - مېلىڭدىن پەزىلەت ۋە كەرەم بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا موھتاجلارنى بەھرە ئالدۇر-



غىن، يەنى موھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقار. خۇسۇسەن، ئۇرۇق - تۇغقان، قاياشلىرىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن. شۇنداقتا تۇغقانچىلىق مەجبۇرىيىتىڭنى بەجا كەلتۈرگەن بولىسەن. ئەمما، ئادەملەرنىڭ ئۇبدىنى بولاي دېسەڭ، خەلقنىڭ ئەشياسىغا تەمە كۆزۈڭنى ئاچما. ھەرقاچان ئۆز مېلىڭنى ئۆزۈمنىڭ، كىشىنىڭ مېلىنى كىشىنىڭ، دەپ بىل. بىراۋنىڭ مېلى قولۇڭدا ئامانەت بولسا، ۋاقتىنچە ئۇ مالنى خىراجەت قىلىپ، يەنە ئورنىغا مال راسلاپ تولۇقلاپ قويغۇدەك ئىمكانىيىتىڭ بولسىمۇ، خىراجەت قىلماي، مال ئىگىسى كېلىپ مېلىنى قولۇڭدىن ئېلىپ كەتمىگۈچە، بار ئامالىڭ بىلەن شۇ ئامانەت مالنى ئۆز مېلىڭنى ساقلىغاندەك ياخشى ساقلا. شۇندىلا ئامانەت ساقلىماقتىكى يىگانىلىقىڭ، ئىشەنچ جەھەتتىكى تەڭداشسىزلىقىڭ بىلەن مەشھۇر بولالايسەن ۋە بۇ ماختاشقا تېگىشلىك خىسلەت، يېقىشلىق سۈپەتلىرىڭ سەۋەبلىك خەلق ئىچىدە دائىم «غەنىي ۋە تەقۋادار» دېگەن ئاتاق بىلەن تەرىپلىنىسەن.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب
## ئامانەت ساقلىماقلىقنىڭ تەرىقى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر سېنىڭ قېشىڭدا بىراۋ ئامانەت قويماقچى بولسا، ئىلاجى بار قوبۇل قىلمىغىن. ناۋادا ئامانەتنى قوبۇل قىلساڭ، ئۇنى جان - دىلىڭ بىلەن ياخشى ساقلىغىن.



ئامانەتنى ساقلاش بالا - قازانى ساقلىغانغا باراۋەردۇر. چۈنكى، ئامانەت ساقلىماقلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچ ئىشتىن تاشقىرى بولمايدۇ: بىرسى، ئامانەتنى ساقلاش ئۈچۈن جەبىر - جاپا چېكىسەن؛ بىرى، ئەگەر ئامانەت بىرەر سەۋەب بىلەن زايە بولسا، ئۇياتقا قالىسەن؛ يەنە بىرسى، ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا قايتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيسەن. ئەگەر ئامانەتنى ياخشى ساقلاپ، ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇرساڭ، ئۇ ھالدا ئامانەت قويغۇچى نەزىرىدە ئۇلۇغلار قاتارىدىن سانىلىسەن.

ئادەم بولۇشنىڭ تەرىقىسى شۇكى، ئىمكان بار ئامانەتنى قوبۇل قىلما، ئەگەر قوبۇل قىلساڭ، ياخشى ساقلاپ ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇرۇپ بەر.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، بىر كىشى ھامامغا بارماقنى ئىرادە قىلىپ، سەھەر ئۆيدىن چىقتى. كېتىۋاتقاندا يولدا بىر دوستى ئۇچرىدى. ئۇ دوستىغا:



— ئەي بۇرادەر، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ھامامغا بارغان بولساڭ، — دېدى. دوستى:

— ھامامنىڭ ئىشىكىگىچە ھەمراھ بولۇپ باراي، ئاندىن ئۆز يولۇمغا ماڭاي، مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، — دېدى.

ئىككىيلەن يۈرۈپ ھامامغا يېقىن ئىككى ئاچا كوچىنىڭ بېشىغا يەتتى. دوستى خوشلاشمايلا يەنە بىر كوچىغا كىرىپ، يولىغا راۋان بولدى. بۇ كىشى بىخەۋەر ئىدى. ھامامنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلگەندە دوستىنى يوقلاپ ئارقىسىغا باقتى. دوستى كەتكەندىن كېيىن، ئۇ دوستىنىڭ ئورنىدا دوست قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر يانچۇقچى بۇ كىشىگە ئەگىشىپ بىللە كەلگەنىدى. ئەتراپ بەكلا قاراڭغۇ ئىدى. بۇ كىشى ئۇ يانچۇقچىنى كۆرۈپ، دوستۇم ئوخشايدۇ دەپ، سەللىسىگە تۈگۈكلۈك يۈز دىنار ئالتۇننى چىقىرىپ، يانچۇقچىغا بەردى ۋە:

— ئەي بۇرادەر، بۇ سەندە ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن ھامامدىن يېنىپ چىققاندا قايتۇرۇپ بېرەرسەن، — دېدى.

يانچۇقچى دىنارنى ئېلىپ ھامامنىڭ ئىشىك ئالدىدا دىنارنىڭ ئىگىسى چىققۇچە ساقلاپ تۇردى. بىر پەستىن كېيىن قۇياش ئالىيلىرى زۇلمەت پەردىسىنى يىرتىپ، كېچە لەشكىرىگە شىكەست بېرىپ، پەلەك مەيدانىدا رۇم لەشكىرى بىلەن سەپ تۈزدى. دىنارنىڭ ئىگىسى يۇيۇنۇپ بولۇپ، سەرپايلىرىنى كىيىپ، ھامامدىن چىقىپلا يولىغا راۋان بولغانىدى، يانچۇقچى ئۇنى قىچقىرىپ:



— ئەي سېخىي، ئالتۇنۇڭنى ئېلىۋال، ئامانىتىڭنى ساقلايمەن دەپ ئىشىمدىن قالدىم، — دېدى.

— ئۇ نېمە ئالتۇن، ئۆزۈڭ كىم؟ — سورىدى، ئالتۇننىڭ ئىگىسى.

يانچۇقچى جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى:

— مەن ئوغرىدۇرمەن، «ھامامغا كىرىپ چىققۇچە ساقلاپ بەر» دەپ بۇ ئالتۇنلارنى ماڭا ئامانەت قويغانىدىڭ.

— ئەگەر ئوغرى بولساڭ، — دېدى ئالتۇننىڭ ئىگىسى، — ئۇنداقتا بۇ ئالتۇننى نېمىشقا ئېلىپ كەتمىدىڭ؟!

ئوغرى ئېيتتىكى:

— ئەگەر مەن بۇ ئالتۇنلارنى ئۆز ھۈنىرىمگە تايىنىپ ئېلىۋالغان بولسام، ھەتتا مىڭ دىنار بولسىمۇ، بىر دىنار چاغلىق ئەندىشە قىلماي ئېلىپ كەتكەن بولاتتىم. ئەمما، بۇ ئالتۇنلارنى ماڭا ئامانەت بەردىڭ. ئامانەتنى يەۋېلىش، ئامانەتكە ئېتىبارسىز قاراش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئادىمىيلىك ۋە مەردلىك تەرد-



قىسىمدىن ئەمەستۇر.

بۇ ھېكايىنى بايان قىلىشىمىدىن مەقسەت شۇكى، بىر ئوغرى ئامانەتنىڭ ھۆرمىتىنى بۇ قاتارلىق ساقلىغان ۋە ئۇلۇغ بىلگەن يەردە، بىلگەيسەنكى، ئامانەتنى ساقلىماق شۇ قەدەر ئۇلۇغ ۋە خەتەرلىك ئىشتۇر.

دېمەك، بىرەر كىشىنىڭ ئامانىتىنى قوبۇل قىلغان بولساڭ، ناۋادا ئۇ ئامانەت قويۇلغان ئەشيا قولۇڭدا نابۇت بولسا، سەن ئۇ ئەشيانى تۆلەپ بەرسەڭمۇ ياخشى، مۇبادا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۇ ئەشيانىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي، «يىتىپ كەتتى، مەن كۆرمىدىم...» دەپ تېنىۋالساڭ، بۇ تولىمۇ قاباھەتلىك ئىشتۇر. ئەگەر ئامانەتنى ياخشى ساقلاپ، ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇرۇپ بەرسەڭمۇ، «ئۆزۈم ئامانەت قويغان مالنى ئۆزۈم ياندۇرۇۋالدىم» دەپ سەندىن ھېچبىر مىننەتدار بولمايدۇ؛ كىشىنىڭ ئامانىتىنى ساقلاپ بەرگىنىڭگە قولۇڭدا چەككەن رەنج - مۇشەققەتتىن ئۆزگە ھېچنەرسە قالمايدۇ. ھەقىقەتەن، كىشىنىڭ ئامانىتى قولۇڭدا زىيانغا ئۇچرىسا، گەرچە سەندىن ھېچقانداق يامان غەرەز ۋە سەۋەنلىك سادىر بولمىغان تەقدىردىمۇ، گۇناھسىز بولغىنىڭ بىلەنمۇ خەلق ئىچىدە خىيانەتچى، دىيانەتسىز دېگەن ئاتاققا قالىسەن؛ يامانلىق قىلمىساڭمۇ، ئاداۋەت ۋە مالامەت بىلەن ئەيىبلىنىسەن. ئەگەر ئامانەتنى ئىلكىڭدە تۇتۇپ تۇرۇۋقلۇق قەستەن تېنىۋالساڭ، بۇ جاھاندا خەلق ئىچىدە خار ۋە شەرمەندە بولىسەن؛ ئاخىرەتتە خۇدايىتائالانىڭ غەزىپىگە، دوزاخنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە دۇچار بولىسەن.



ئەگەر كىشىگە پۇل - مېلىڭنى ئامانەت قويماقچى بولساڭ، كىشىلەردىن يوشۇرما، يەنى يېنىڭدا گۇۋاھچى بولسۇن. گۇۋاھچى ياكى ھۆججەت بولمىسا، ئامانەتنى قايتۇرۇۋالىدىغان چاغدا ئاۋارىچىلىككە قالىسەن. شۇڭا، ئامانەتنى ساقلىغۇچىدىن ئىسپات خېتى، يەنى ھۆججەت ئېلىۋالغىن، قازى مەھكىمىسىگە بېرىپمۇ يۈرمەيسەن. كۆتۈلمىگەندە ئامانەت تۈپەيلى ئارىدا دەۋا، ئەرز - شىكايەت يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئالجوقىلىق قىلما. دەۋادا ئالجوقىلىق قىلىش ستەمكارلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

خاھى راست بولسۇن، خاھى يالغان، ئىمكانىيەتىڭ بارىچە ئەل ئىچىدە قەسەمخورلۇق بىلەن مەشھۇر بولما. ناۋادا ئامالسىز قېلىپ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى قەسەمياد قىلساڭ، ئەل سېنى ئەپۇ قىلىپ، ساڭا يەنىلا «راست سۆزلۈك» دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. ئادەمگە باي، پۇلدار بولۇش، ئەيش - ئىشرەت، شاد - خۇراملىق ئىچىدە ياشاش، راست سۆزلۈك بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭنى ھەر ۋاقىت پېقىر ۋە ناتىۋانلاردىنمۇ تۆۋەنرەك ئورۇندا



تۇتمىقىڭ لازىمدۇر. ساختىپەز ۋە خىيانەتچىلەر ئاخىر پېقىرلىق دەردى بىلەن غەم - قايغۇ ئىچىدە ئۆتسە، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان دىيانەتلىك كىشىلەر ئاخىر باي - باياشاتچىلىق، بەخت - سائادەت بىلەن مەمنۇنلۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

ئەي ئوغلۇم، تىنچ، راست سۆزلۈك بىلەن سۆيەتلەن. ئالەمدىكى پۈتكۈل بايلىق راست سۆزلۈكلەر ۋە ئادالەتپەرۋەرلەرگە تەئەللۇقتۇر. ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدا كىشىنى گوللىمىغىن، ئۆزۈڭنىمۇ بىراۋغا گوللىنىپ قالمايسەن!

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب
## چاكار سېتىۋالماقلىقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئاگاھ ۋە ھوشيار بولغىنكى، ئادەم تىجارىتىنىڭ ئىلمى ھەددى - ھېسابسىز مۇشكۇل ۋە قىيىندۇر. نۇرغۇن چاكارلار باركى، ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە سۇرىتى بەكلا مۇلايىمدۇر، لېكىن قىلىقى ۋە ئەخلاقى بەكلا قەبىھ ۋە نۇقسانلىق. خالايىقنىڭ كۆپىنچىسى چاكار سېتىۋالماقنى ئادەت تىجارەت ئىشلىرىنىڭمۇ بىر ئىلىم ئىكەنلىكىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كىمياگەرلىك ئىلمىدىنمۇ نازۇك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئادەم ھەرقانداق بىر ماتانىڭ سۈپىتىنى بىلىپ - بىلمەي سېتىۋالغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ ماتانىڭ نۇقسانلىرىنى، سۈپەتسىزلىكىنى بىلسە، قايتا سېتىۋالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىل ماتا سېتىلماي، بازىرى كاسات بولىدۇ. مۇتلەق بولمىسىمۇ، بىر كۆرمەك بىلەن پۈتكۈل ماتانىڭ سۈپىتىنى پەرق قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما ئادەمنى تونۇماق، بىر كۆرمەك بىلەن ئۇنىڭ ئەيىب ۋە ھۈنىرىنى بىلمەك تولىمۇ مۈشكۈلدۇر. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئەيىبى ۋە ھۈنىرى ھېسابسىز كۆپتۇر. ئەل ئىچىدە «بىر ئەيىب يۈزمىڭ ھۈنەرنى خېرىدارنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرىدۇ؛ بىر ھۈنەر يۈزمىڭ ئەيىبنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، خېرىدارنىڭ مەيلى ۋە رىغبىتىنى - قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەلۇمكى، ھەرقانداق ئەشيانىڭ ماھىيىتىنى بىلمەك ئۇنچە تەس ئەمەس، ئەمما ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا پاراسەت ۋە تەجرىبە كېرەك بولىدۇ. ئەمما، پاراسەت ئىلمىنىڭ ھەممىسى پەقەت پەيغەمبەرگە خاس ئىلىمدۇركى، پاراسەت ئىلمىنىڭ كامالىغا خالىغان بىر كىشىنىڭ يەتمىكى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ ئىچكى سەھىپىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا ئائىت ھۆكۈمنى پەيغەمبەرلەرلا پاراسەت ئىلمى بىلەن بىلىشكە قادىردۇر.



ئەمدى مەن غۇلام ۋە كېنىزەك سېتىۋالغاندا ئالداش - ئالدى-


دانش شعار و سعادت آثار غلام نینک علاماتی راست و درست قامت
معتدل موی و معتدل کوشت بولغای الاقانی کینک بارماق لاری ازون
لعل رنک پیشانه سی کینک شهلا کوز و کشاده یوز کم کولکان بولغای بو
رویش لیک غلام علم اورکانماککا خزینه دار بولماق قه و هر نوع ایش غه
تویوب اعتماد قیلماق قه لایق و سفر اولار دور سواوزماکلیک که لایق
غلام نینک نشانی اولکیم بدنی کم کوشت و بارماق لاری بیلیا بولغای آز وق
هم بولماغای و تمیز هم یوزی بیحد کوشت لوق غلام دین اجتناب قیلغان کیم
هیچ نرسه اورکانماغای اما الاقانی دوشناق بارماق لاری نینک اراليغی کنگ ده
رو ترش چهره و نفیس تره بولغای ساچ ازون و قیسقالیق [illegible] و فربه و قراق
و اعتدال بولغای شهلا کوز و تاپانی توز بولغای و بو قسم غلام
دقیق و نازک هنرلارنی اورکان کای علی الخصوص جینا کرلیک نی چیک
و غزات غه یراغلیق غلام نینک علامتی اول دور کیم ساچ و سقالی یرینک بولغای
بلند قد و راست قامت قوی هیکل و قاتیق کوشت و یوغان انکشت

نىشتىن خالىي مۇئامىلە قىلماقلىقنىڭ تەرتىپلىرىنى ئازراق بايان قىلاي.

بىلگىنكى، چاكار ئالماقلىقنىڭ ئۈچ شەرتى باردۇر:

بىرىنچى، چاكارنىڭ سىرتى ۋە ئىچىدىكى ئەيىب ۋە ھۈنەرىنى پاراسەت بىلەن بىلمەك؛

ئىككىنچى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاغرىق ـ ئىللەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالامەت ـ نىشانلىرىنى بىلمەك؛

ئۈچىنچى، ھەر سىنىپ، ھەر تائىپەنىڭ ئادىتى ۋە ھال ـ ئەھۋالىنى، ھەر گۇرۇھ، ھەر پىرقىنىڭ ئەيىب ۋە ھۈنىرىنى، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بىلمەك.

ئەمما، چاكار ئالماقچى بولساڭ، بىرىنچى شەرتكە بەكرەك ئەمەل قىل. غۇلام ۋە كېنىزەك ئالماقنى ئىرادە قىلغانىكەنسەن، ئالدى بىلەن ياخشى كۆزەت. چاكار ئالماق ئۈچۈن نەچچە خىل خېرىدار كېلىدۇ: بەزىلىرى چاكارنىڭ يۈزىگە قارايدۇ، جىسمى ۋە ئۆزگە سىياقىغا نەزەر سالمايلا خېرىدار بولىدۇ؛ بەزىلىرى سىياقى، تېرىسى، جۇغى ۋە مۇسكۇللىرىغا قارايدۇ، ئۆزگە ئەزالىرىغا قارىمايدۇ. ئەمما، ھەرقانداق بىر كىشى چاكار ئالسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ رەڭگىرويىغا، ھۆسن ـ جامالىغا، ئاندىن كېيىن قەددى ـ قامىتىگە نەزەر سالغاي. غۇلام ساھىبجامال، كېنىزەك گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن بولسا، خېرىدار بولۇپ ئالماقنى ئىرادە قىلساڭ، ئالدى بىلەن تەپسىلىي كۆزىتىپ، ھەممە ئەزاسىنىڭ مۇكەممەل ۋە ساغلام ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن، تۇرقىغا، مېڭىش ـ تۇرۇشىغا، كۆز، قاش، كىرپىك، بۇرۇن، چىش، لەۋ ھەم گەپ ـ سۆزىگە، ئاندىن چاچلىرىغىچە سەپسال. ئۇ نەققاش، يەنى تەڭرىم ئەزەل قۇدرىتىنىڭ قەلىمى بىلەن ھۆسن ـ لاتاپەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئادەمنىڭ كۆزى ۋە قېشىغا، گۈزەللىكنى بۇرنىغا، ھالاۋەت ۋە نازاكەتنى شېرىن لەۋلىرى ۋە ئۈنچىدەك چىشلىرىغا، خۇشخۇيلۇقنى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىغا، زىبۇ ـ زىننەتنى خۇشبۇي قاپقارا چاچلىرىغا مۇجەسسەم قىلدى. خۇسۇسەن، چاچنى ئادەمگە زىننەت ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدى. شۇڭا، ياخشى كۆزىتىپ، بىر چاكارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھۆسن ـ لاتاپەتنى، كۆز ۋە قېشىدا جەلپكارلىقنى، بۇرنىدا ھالاۋەتنى، لەۋ ھەم چىشلىرىدا پاكىزلىقنى، رۇخسارىدا گۈزەللىكنى جەزم قىلغان بولساڭ، ئۇنىڭ باشقا سۈرەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ كەتمەي، ئېلىشنى غەنىيمەت بىل. بەس، ئەگەر باشقا جەھەتلەردە ئانچە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولسىلا، مېنىڭ نەزىرىمدە جەلپكارلىقى بولمىغان گۈزەلدىن، جەلپكار سەت ياخشىدۇر.


درشت اوستخوان و بیرک پوست و تمام اندام لاری اوز جاییدا درست
بولغای بند باغیشلاری نهایت کت ده بولغای و رک و پی لاری تمام
برنیدا کورونوکلوک و ساچ اراب توروغلوق بولغای و الوسی توز و هموار
سینه سی فراخ کردنی یوغان آی پانک باشی کیچیک تورساق و کشیده و اوزون
ساق بولغای البته قرا کوز بولغای هر غلام اوشبو شکل شمایل بیله متصف
بولسه نهایت جنکی و دلاور و بهادر بولغای و خواجه سرای لیق قه
صلاحیت لیک غلام نینک صفتی اول دورکیم قواوزلوک و درشت سوزلوک
[illegible]
ساچ بیلا [illegible] آواز قلین کالیوک یاپوق برون بولغای
دوک [illegible] بارماق و بیبا لولون بولغی بو قسم غلام آغاچالار
سرای لاریدا خدمت قیلماق قه مناسب [illegible]
محرم سرای قیلماق قه نامناسب [illegible] غلام دین پرهیز قیلغان کیم
خصوصا [illegible] ساچ و سقالی [illegible] بولغای [illegible] باشی


ایرکیلیک هم بولماغای کیم بو صفت لیک بنده خاتون لار [illegible]
بولغای [illegible] مناسب غلام نینک صفتی اولدورکیم
کشاده قاش [illegible] کوز نینک قراسی [illegible]
بولغای [illegible]
بو نوع غلام نهایتی بی شرم و بی باک و بی ادب [illegible] بولغای [illegible]
[illegible] لایق بنده نینک صفتی اولدورکیم یوزی پاکیزه [illegible]
[illegible] بولغای [illegible] نازک [illegible]
[illegible] موزون [illegible]
[illegible] و شکسته حال بولغای اما هر طایفه و هر جنس
بنده نینک رسم و آیینی و عیب هنرینی بیلماک [illegible]
بیلکیل کیم [illegible] هر جنس [illegible]
اوز [illegible] طبع و خوی بولغای اولار نینک ارا سیدا [illegible] دین
[illegible] خوشخوی لیق و فرمان

يەنە ئالماقچى بولغان خىزمەتكارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ماسلىشالايدىغان بولۇشى لازىم. ئەگەر ھەممىشە خىزمەتكە بۇيرۇماقلىق نىيىتىدە چاكار ئالماقنى ئىرادە قىلساڭ، بۇنىڭغا شۇنداق غۇلام مۇناسىپتۇركى، بويىنىڭ پاكار - ئېگىزلىكى، تېنىنىڭ ئورۇق - سېمىزلىكى، رەڭگىنىڭ ئاق ۋە قىزىل ياكى قارىلىقى، بەستىنىڭ يوغان ياكى كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال؛ بەدىنىنىڭ گۆشلىرى يۇمشاق، تېرىسى نەپىس، ئۇستىخانلىرى روشەن ۋە بېجىرىم، چاچلىرى قىزغۇچ، قارا كىرپىك، شەھلا كۆز، قاشلىرى توم، بۇرنى نازۇك، يەنى ئېلىپتەك، يۇمىلاق باش، مەڭزى زىنىخلىق، لەۋلىرى ھېقىقەتتەك، چىشلىرى مەرۋايىتتەك بولغاي. ھەممە ئەزاسى مەزكۇر سۈپەتتىكى ھەر قانداق غۇلام بۇ بايانلارغا مۇۋاپىق بولسا، ئۇ خۇشخۇي، زىبالىق، ۋاپادار، ياخشى نىيەتلىك ۋە غوجايىنىغا سادىق كېلىدۇ.

تەندۇرۇس، چېچى مۇۋاپىق، سېمىز - ئورۇقلۇقى نورمال، ئالدىقىنى كەڭ، بارماقلىرى ئۇزۇن ۋە قىزىل يۈز، پېشانىسى كەڭ، شەھلا كۆز ۋە كۈشادە يۈز، كەم كۈلكە بولۇش دانىشمەن ۋە بەختىيار غۇلامنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بۇ رەۋىشتىكى ھەرقانداق بىر غۇلام ئىلىم ئۆگەنمەككە لايىق، خەزىنە باشقۇرۇشتا ئىشەنچلىك ۋە ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.


جویراق ختنی و نخشبی و تبتی دور و همه دین زلاور و جنک
آور راق ترفاع بولغای و همه دین ملایم راق و اشلامچی راک
و بولغاراق چیناک و تاتاری یغما بولغای همه دین قورقونچاق
راق جکلی بولغای و بو اصناف قلماق نینک همه ایما قلاری جمع
قیلیب کورکان هر قیسی نینک عیب و هنری و خیر و شری معلوم
بولغو سیدور و هندو نینک اوصافی قالماق نینک عکسیدادور
انداغکیم ترک نینک شکلی شمایلی نی جمع قیلیب کورسانک مثلا
جونک باش یاسی یوز [illegible] بورون لب دندانی
مرجان و دوکر کون بو همه جوارح و اعضا لارینی مجتمع نظاره
قیلسا خوب و مرغوب کورونور ولیکین هر عضوینی تفصیل
برله قارالسا قبیح و معیوب هندو نینک هیئه تورک صورتی نینک
خلافیدادور و فقتی هندو نینک هر عضوینی اوز ذاتیدا برین برین
قارالسا یخشی و دلکش کورونکای ولیکین همه عضوینی

بەدىنىنىڭ گۆشى ئازراق، بەك ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ ئەمەس، بارماقلىرى ئىنچىكە بولۇش سۇ ئۈزۈشكە لايىق غۇلامنىڭ نىشانىدۇر. ئەمما، يۈزى بەكلا گۆشلۈك غۇلامدىن يىراق تۇر. بۇنداق ئادەملەر ھېچنەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ.

ئەمما، ئالىقىنى يۇمشاق، بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقى چوڭ، ئوچۇق چىراي، تېرىسى سۇزۇك، چېچىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، قىزىل ۋە قارىلىقى نورمال، شەھلا كۆز، تاپىنى تۈز كەلگەن غۇلاملار قىيىن ۋە نازۇك ھۈنەرلەرنى، بولۇپمۇ خېنەگەرلىكنى ئاسان ئۆگىنىۋالالايدۇ.

چاچ - ساقىلى يىرىك، بويى ئېگىز، قامىتى تۈز، كۆچتۈڭگۈر، قولىقى قاتتىق، بارماقلىرى چوڭ، ئۇستىخانلىرى چىڭ، تېرىسى يىرىك، پۈتكۈل ئەزالىرى جايىدا ۋە دۇرۇس، بېغىشلىرىنىڭ ئۆگىلىرى چوڭ، تومۇر ۋە پەيلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ۋە ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدىغان، دولىسى تۈز ۋە تەكشى، كۆكرىكى كەڭ، گەدىنى يوغان، ئايپاڭ باش، قورسىقى كىچىك، قارا كۆزلۈك بولۇش جەڭگە يارامىلىق غۇلامنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھەرقانداق بىر غۇلام ئۇشبۇ شەكىل ۋە سۈرەت بىلەن سۈپەتلەنگەن بولسا، جەڭگە ماھىر، ناھايىتى باھادىر ۋە باتۇرلۇققا لايىق كەلگەي.


جمع قیلیب کوروب ترکلار صورتی و بیکلیغ محجوب و مهوش
نمودار اُلمغای اول ترک نینک ذاتی نینک طراوتی و صفاتی
نینک ملاحتی بولغای کیم هند و نینک بولمغای طراوت دا ترکلار هم
دین سبق التیب دورلار پس ترکلار دین هر خوبلوق ...
اوسه اول بغایت خوب دور و انجه یمانلیق صادر بولسه نهایت
یمانلیق دور اولارنینک اولوغراق عیبلاری اول دور کیم بد اندیش
و نادان متکبر و فتنه انکیز غوغا داغاق و ناراضی و نا انصاف
بیهوده شورش قوپارغاق یمان تیل لیغ بولغای کیچه قورقونچاق
کوندوز بهادور بولغای بی پاک جسّت عداوت حیف سنغاق
اولارنی بارچه خدمت غه معین قیلغاندین تجمل و زینت و شان
شوکت اسبابی ترتیب برماکلیک دا موکّل قیلماق بهراقدور
و سقلاب و رومی بنده نینک وضعی قیلماقغه یاوق دور ولیکین
قیلماق ...

قالاق

يۈزىنىڭ رەڭگى قارا، سۆزى قوپال، چىرايى ئادەتتىن-
كىچە، قوشۇلما قاش، تېرىلىرى قاتاڭغۇر، چاچلىرى سۇ-
يۇق، پاقالچاقلىرى زىلۋا، ئاۋازى ئىنچىكە، كالپۇكى قې-
لىن، بۇرنى پاناق، قەددى دوك، بارماقلىرى قىسقا، بوينى
ئىنچىكە بولۇش ساراي غوجايىنلىقىغا لايىق سالاھىيەتكە
ئىگە غۇلاملارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. بۇ قىسىم غۇلاملار ئائى-
لىلەرنىڭ سارايلىرىدا خىزمەت قىلىشقا مۇناسىپتۇر. ئەم-
ما، بەدىنى ئاق، يۈزى قىزىل چاكارلار سارايىنىڭ مەھرەملى-
كىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

كۆزى قىزىل، بولۇپمۇ چاچ - ساقىلى قويۇق، كۆزى
ھەمىشە ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان غۇلامدىنمۇ پەرھىز قىلماق
كېرەك. بۇ سۈپەتلىك چاكارلار خوتۇنپەرەس ياكى پىتنە-
پاساتچى كېلىدۇ.

قاشلىرى تۇم، كۆزلىرى چوڭ، قاپىقى يوغان، كۆز
قارىچۇقى كۆك، ئېغى قىزىل، دورداي كالپۇك، توڭكاي
چىش، ئاغزى ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇش تۆگە، ئات بې-
قىشقا مۇناسىپ غۇلامنىڭ سۈپىتىدۇر. بۇ خىلدىكى
غۇلاملار ناھايىتى ھاياسىز، قورقۇمسىز ۋە بىئەدەپ، ئەمما
جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان كېلىدۇ.

يۈزى پاكىز، سۆزلۈك ۋە سىلىق، يۇمۇلاق، قول - پۇتلىرى
ئىنچىكە، شەھلا كۆز، كۆزى كۆككە مايىل، قەددى - قامىتى كې-
لىشكەن، چېچى قىزىلغا مايىل، كەم سۆز، كەمتەر ۋە نازۇك بو-
لۇش يوگۇر - يېتىم ئىشلارغا، ئاشپەزلىككە لايىق چاكارنىڭ
سۈپەتلىرىدۇر.

ئەمما، ھەر تائىپە، ھەر جىنستىكى چاكارلارنىڭ قائىدە-
يوسۇنى، ئەيىبى ۋە ھۈنىرىنى بىلمەك شەرتتۇر. بىلگىنكى، قال-
ماق تائىپىسى مۇتلەق بىر جىنس ئەمەستۇر، بەلكى ھەر جىنس
ۋە ھەر ئايماقنىڭ ئۆزگە تەبىئىتى ۋە خۇيى باردۇر. ئۇلارنىڭ ئا-
رىسىدا خۇيى ئۆزگىچەرەكى قىرغىز ۋە قىپچاقتۇر. بارچىدىن
خۇشخۇي ۋە پەرمانبەردارراقى خوتەنلىك، نەخشەبلىك ۋە تىبەت-
لىكتۇر. ھەممىدىن باھادىر ۋە شىجائەتلىكرەكى تۇرقائىلاردۇر.
ھەممىدىن مۇلايىم ۋە ئىشلارغا ماھىرراقى چەنەك، تاتار ۋە ياغما-
دۇر. ھەممىدىن قورقۇنچاقراقى چىگىلدۇر. ئەمما، بۇ تۇرلەر بو-
يىچە ھەممە ئايماقنى جەم قىلىپ بىر - بىرلەپ تەكشۈرگەندە،
ئاندىن ھەرقايسىسىنىڭ ئەيىبى ۋە ھۈنىرى، ياخشى ۋە يامان تە-
رەپلىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر. مەسىلەن، ھىندىلارنىڭ سۈپەتلىرى
قالماقلارنىڭ ئەكسىدەكتۇر. تۈركلەرنىڭ، يەنى تۈرك غۇلاملارنىڭ


بولغای چراکه بولار نفس پاک دورلار ولیکین اولاردا نچه عیب بیاد دور
اوغورلوق بی فرمانلیق و غیبت کویلوک و بی صبرلیک قاچقاق
لیغ بوست طبع لیق خواجه سینی دوشمن توتماقلیق و بدنیت
لیق و اوخشا اما اولارنینک هنرلاری اول بولورکه طبعلاری ملایم
دلخواه و مطبوع و تیز فهم بولغای و رومی غلام نینک عیبی اول دور کیم
قبیح کوی و بیورکی تیز سست طبع و ابزیجک بات ترک ...
و حرصی غالب و دنیاغه راغب بولغای اولارنینک هنرلاری
اول بولور کیم صبر تحمل لوق و مهارت و خوش خوی و ...
سرانجام قیلغاق و تیلینی کلام مالایعنی دین ساقلاغاق بول...
لارنی اما ارمنی غلام نینک عیبی اول بولورکه یمان قیلیغ لیق و کند
ذهان اوغری و شوخ بی باش قاچقاق و بی فرمان و بیهوده
رایی و خیانت کر و یالغان ایتغاق و خواجه سینی دوشمن توتقاق
حاصلی اولارنینک باشیدین ایاغلاری عیب برله آغوشته دور ولیکین


تیز فهم ادراکلیک و تیز فهم بولغای و هندونینگ عیبی اول دورکیم بدزبان
بولغای اوبیدا کنیزک انینگ کیبین بوللغای اما هندو هر طایفه سینینگ
اوز جماعه سی ارا سیدا مواباسی اوزکه قوم نینگ بر برلاری نینگ
ارا سیدا قلیشقان معاملاتی دین بهرا قدور اول وجه دین کیم هر گروه
کوز قیز برلاری دیمن برلیکسان التشیع لیق بولغای کم هندو
آدم علیه السلام نینگ زمانیدین بری اولارنینگ وضعی آنداق جاری بولوب
دورکیم هیچ بیت درا و بهم بسته سیدین اوزکه کشی برله پیوند ایلامغای
انداغکیم قصاب قیزنی قصاب قیزه برکای بقال بقال قیزه ... بس
اولارنینگ هر قسمی طایفه لاری نینگ خوی وضعی اوزکا رنگ دور
اول هر صنف هندو نینگ خوی اطواری نی تفصیل برله تقریر قیلنسا
یوکن ... تنغیر تابغای دیب اختصار غه اکتفی
قیلندی اما اولارنینگ آدا زادی کیم هم مهربان بولغای و هم عاقل و بهادور
بولغای هندو اوچ قسمی بولور بر هیمن بولور یا راوت یا کرار ملا بین

تەق - تۇرقىنى ھەممە تەرەپتىن كۆزەتسەك، ئۇلارنىڭ بېشى چوڭ، يۈزى سوزۇنچاق، كۆزى يوغان، قاڭشارلىق، لەۋلىرى نېپىز، چىشلىرى مارجاندەك بولۇپ، ھەممە ئەزالىرىغا بىراقلا سەپسېلىپ قارايدىغان بولسا، كىشىگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ھەربىر ئەزاسىغا ئايرىم ۋە تەپسىلىي قارالسا، ناچار ۋە نۇقسانلىق تەرەپلىرىمۇ مەلۇم بولىدۇ. ھىندىلارنىڭ، يەنى ھىندى غۇلاملىرىنىڭ كۆرۈنۈشى تۈركلەرنىڭ ئەكسىدەكتۇر، ئەمما ھىندىلارنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا بىر - بىرلەپ قارالسا، كىشىگە ياخشى ۋە دىلكەش كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ھەممە ئەزاسىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆزەتكەندە، ئۇنچە يېقىملىق ۋە چىرايلىق بىلىنمەيدۇ. تۈرك مۇلازىملىرىنىڭ زاتىدا بولىدىغان پاكىزلىك ۋە گۈزەللىكنىڭ سۈپەتلىرى ھىندى مۇلازىملىرىدا يوقتۇر. پاكىزلىكتە تۈرك غۇلاملار ھەممە تەرەپتىن تەلىم ئالغاندۇر.

بەس، تۈركلەر، يەنى تۈرك غۇلاملاردا شۇنداق بىر خاراكتېر باركى، ياخشىغا ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى، يامانغا ئادەتتىن تاشقىرى ياماندۇر. ئۇلارنىڭ چوڭراق ئەيىبلىرى شۇكى، ئاچچىقى يامان، نادان، تەكەببۇر، غوۋغاچى، غودۇرىغاق، نارازى ۋە نائىنساب، جېدەلخور، يامان تىللىق، كېچىدە قورقۇنچاق، ئەمما كۈندۈزدە باھادىر، قورقۇمسىز، ئاداۋەتسىز. شۇڭا، ئۇلارنى بېزەك، زىبۇ - زىننەت، شانۇ شەۋكەتكە ئالاقىدار ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن ئەڭ ياخشىدۇر. سەقلابى (ئەرمەنى) ۋە رۇمى چاكارلار مەلۇم جەھەتتە قالماقلارغا يېقىن تۇرىدۇ، لېكىن قالماق مۇلازىملار ئېغىر - بېسىق، كېچىدە يۈرەكلىك؛ ئۇلار بولسا تولىمۇ رايىش، ھۈنەر ئۆگىنىشكە ماھىر. بىراق، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق، پەرمانغا بويسۇنماسلىق، غەيۋەتخورلۇق، سەۋرسىزلىك، قاچقاق، سۇس تەبىئەتلىك، غوجىسىنى دۈشمەن تۇتىدىغان ۋە بەتنىيەتلىككە ئوخشاش ئەيىبلىرىمۇ بار. ئەمما، تەبىئىتى مۇلايىم، يېقىملىق، چىقىشقاق ۋە ئۆتكۈرلۈك ئۇلارنىڭ ھۈنەرلىرىدۇر.


عاقل بولور و راوت بهادور و کراره کدخدای بولور اصناف ...
بنده و تاتوماق نینگ طرزی اوشبو دور اما اوچونچی شرط اول دور کیم
غلام ظاهر و باطن دا ق علت لارینی تفحص قیلیب بیلگای غلام
خریدار بولوب الا دورغان وقت دا غافیل بولماغیل و بر نظر قیلیق
برله اکتفا قیلماغیل بسا بنده ملیح و مرغوب بولغای کیم بر نظر دا اول
قبیح و معیوب بولغای کیم بر کوماکن برله اول بغایت خوب و مطلوب
کورونکای و بنده آدم رخساری دولم بر حالدا برقرار بولماغای کاهی
طراوت برله بالیده بولغای کاهی قباحت برله پژمرده تعمق غلارله
بنده نینگ باشیدین ایاقینی بخشی باقیب تمام صورت ... و سیرتین
مطلع بولغیل تا اینک هیچ بر عضوی نظر دین پوشیده قالماغای
کیم کوب نهان علت لار بولغای کیم اول علت نینگ اشکارا بولوغی
یا وقلاشقاندیک بولغای اما اول مخفی علتی هنوز ظهور غه کلمگای
بولغای تا نچه کونداآشکارا بولغوسیدور اول مخفی علت لارنینگ

رۇمىي غۇلاملىرىنىڭ ئەيىبى شۇكى، ئۇلار خىيالپەرەس، توخۇ يۈرەك، تەبىئىتى سۇس، ئېرىنچەك، تېرىككەك، ئاچ كۆز ۋە مال - دۇنياغا ئامراق. ئەمما، سەۋر - تاقەتلىك بولۇش، مېھرىبانلىق، خۇشخۇي، ئۆيىنى سەرەمجان تۇتۇش، ئاغزى چىڭ بولۇش ئۇلارنىڭ ھۈنەرلىرىدۇر.

ئەرمەنىي غۇلاملىرىنىڭ ئەيىبى شۇكى، ئۇلار يامان قىلىقلىق، بېخىل، قولى ئەگرى، شوخ ، قاچقاق، پەرمانغا بويسۇنمىغاق، چېپىلغاق، خىيانەتچى، يالغانچى ۋە غوجىسىنى دۈشمەن تۇتقاق. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئەيىبى كۆپتۇر. لېكىن، ئۇلار ھۈنەر ئۆگىنىشكە ماھىر، ئۆتكۈر كېلىدۇ.



ذاتی

ھىندىلارنىڭ ئەيىبى شۇكى، ئۇلارنىڭ تىلى يامان، ئۇيىدە كېنىزەك خاتىرجەم تۇرالمايدۇ. ئەمما، ھىندى ۋە ھەرقايسى تائىپەسىنىڭ ئۆز جامائەسى ئارىسىدىكى مۇئامىلىلىرى ئۆزگە قوۋمدىكىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىدىن كۆپ پەرقلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، ھەر قايسى گۇرۇھتىكىلەر بىر - بىرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، بىراق ھىندىلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ كەسىپ - ئادىتى ئۆزلىرىنىڭ كەسىپ - ئادىتىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگە گۇرۇھتىكى ھەرقانداق كىشى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ. مەسىلەن، قاسساب قىزنى قاسساپقا بېرىدۇ. باققال قىزنى باققالغا بېرىدۇ. بەس، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تائىپەلىرىنىڭ خۇي - ئادىتى ئۆزگىچىدۇر. شۇڭا، ھەر گۇرۇھتىكى ھىندىلارنىڭ خۇي - ئەتۋارىنى تەپسىلىي بايان قىلساق، بۇ كىتاب ئۆز ھالىتىدىن چەتنەپ كېتەرمىكىن دەپ، قىسقارتىش مۇۋاپىق كۆرۈلدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئوبدانراقى مېھرىبان، ئاقىل ۋە باھادىر كېلىدۇ.

ھىندىلار ئۈچ قىسىم: بەرەھمەن، رائۇت ۋە كەرارە. بەرەھمەن ئاقىل، رائۇت باھادىر كېلىدۇ ، كەرارە ھۆكۈمران بولىدۇ.



عجمی

ھەرقايسى گۇرۇھ ۋە جىنسلارغا تەۋە چاكارنى تونۇماقنىڭ تەرزى ئوشبۇدۇر. ئەمما، ئۈچىنچى شەرت شۇكى، غۇلامنىڭ سىرتقى ۋە ئىچكى ئىللەتلىرى، يەنى ئاغرىقلىرى بارمۇ، يوق، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لازىم. غۇلامغا خېرىدار بولساڭ، ئالىدىغان ۋاقتىتا بۇنى ئۇنتۇپ قالما. ھەرقانداق بىر غۇلامغا بىر كۆرۈش بىلەن ئىشەنچ باغلاپ كەتمە. بەزىلىرى بىر قارىساڭ، تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنىدۇ؛ بىر قارىساڭ، يېقىمسىز ۋە ئەيىبلىك كۆرۈنىدۇ؛ بىر قارىساڭ، غايەت چىرايلىق ۋە كۆڭۈلدىكىدەك كۆرۈنىدۇ. يەنە ئادەمنىڭ رۇخسارى دائىم بىر ھالدا بولىۋەرمەيدۇ. گاھى پاكىز - يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، گاھى يېقىمسىز كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، چاكارنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ياخشى قارا. تامام سۇرەت، ھال - ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بول. ئۇنىڭ ھېچبىر ئەزاسى نەزىرىڭدىن ساقىت قالمىغاي. بەزى غۇلاملاردا نۇرغۇن يوشۇرۇن ئىللەتلەر بولسىمۇ، ھەتتا شۇ ئىللەتلەرنىڭ ئاشكارا بولۇشى يېقىن قالغان تەقدىردىمۇ، ئاسانلىقچە بىلىندۇرمەيدۇ. بەزىلىرى نەچچە كۈندە ئاشكارا بولىدۇ. بۇنداق مەخپىي ئىللەتلەرنىڭ ئالامەتلىرى مۇنداق بولىدۇ: رەڭگىرويى سېرىق، روھسىز، لەۋلىرى ساڭگىلاپ قالغان،



كۆزلىرى نۇرسىز بولسا، بۇ ئۇ چاكارنىڭ بوۋاسىر ئىللىتى بىلەن ئاغرىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.

ئەگەر قاپاقلىرىدا تۈتاش ئىششىق بولسا، بۇ سۇ ئىششىقى، يەنى قورسىقىغا سۇ يىغىلىشتىن بېشارەتتۇر.

ئەگەر كۆزىنىڭ ئېقى قىزىل بولۇپ، پېشانىسىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ كۆرۈنۈپ تۇرسا، بۇ خۇدىنى يوقىتىش، ئاسان ھوشىدىن كېتىش ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر.

ئەگەر كۆزىنى توختىماي چىمىلداتسا، لېۋىنى كۆپ چىشلىسە، يەنى لېۋىنى توختىماي يالىسا، بۇ مالىخولىيا ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر.

بۇرنىنىڭ ئۈستىخىنى قىڭغىر، قوتۇر بولسا، يەنى تەكشى بولمىسا، بۇمۇ بوۋاسىر ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر.

ساقىلى ۋە چېچىنىڭ زىيادە قارا، توم ۋە يىرىكلىكى، شۇ كىشىنىڭ چاچ ۋە ساقىلىنى بويىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.

يۈزىدە ھېچقانداق داغ بولماي، پەقەت بۇرنىدا داغ بولسا، ياخشى تەكشۈرۈپ باق، داغنىڭ ئاستىدىكىسى پېسە بولۇپ قالمىغاي.

رەڭگىروينىڭ غەيرىيلىكى، كۆزىنىڭ سېرىقلىقى ياراقان، يەنى جىگەر كېسىلىدىن بېشارەتتۇر. شۇڭا، غۇلامنى سېتىۋالغان زامان، ئۇنى تۈز ياتقۇزۇپ، ئىككى بىقىنىنى ئوبدان سىلاپ باقىن. سىلىغاندا ئەگەر يېنى ئاغرىسا ياكى ئىششىق مەلۇم بولسا، بۇ مەزكۇر غۇلامنىڭ جىگەر ۋە تال ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.



ۋاقتىكى، غۇلامنىڭ مەخپىي، يەنى يوشۇرۇن ئىللەتلىرىنى ئۇشبۇ تەرىقىدە تەكشۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ئاشكارا ۋە سىرتقى ئىللەتلىرىنى، مەسىلەن، ئاغزى ۋە بۇرنىنىڭ ھىدى، قۇلىقىنىڭ ئاغرىقى، گەپ ـ سۆزىنىڭ ئېنىق ياكى ئېنىق ئەمەسلىكى، يول ماڭغاندا رۇس يۇرەلەيدىغان ياكى يۇرەلمەيدىغانلىقى، بوغۇملىرىنىڭ چىڭ ياكى ئەمەسلىكى، چىشىنىڭ مەھكەم ياكى بوشلۇقى قاتارلىقلارنى ھەم تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆر. ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلان. ئومۇمەن، غۇلامنى يۇقىرىدا دېيىلگەن ئالامەتلەرنى تەكشۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن سېتىۋال. ئەمما، سېتىۋالماقچى بولغان ھەرقانداق بىر غۇلامنى دىيانەتلىك ۋە تەقۋادار غوجايىنىنىڭ قولىدىن ئال. دىيانەتلىك ۋە تەقۋادار غوجايىنىنىڭ تەربىيەتىدە بولغان غۇلام سېنىڭ ئۆيدىمۇ توغرا نىيەت بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئەجەمى غۇلام تېپىلسا، پارس تىللىق غۇلام ئالمىغىن. ئەجەمى غۇلامنى ئۆز خۇيىدىن چىقىرىپ، پارس تىلىدا سۆزلەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

ئىمكان بار نەپس تەقەززا قىلغان، شەھۋانىي ئارزۇ كۆچەيگەن ۋاقىتتا غۇلام ۋە كېنىزەك ئالماسلىق لازىم. چۈنكى، شەھۋانىي ئار-



زۇ كۈچەيگەن ۋاقىتتا غۇلام ۋە كېنىزەكنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمۇ كۆزگە يېقىملىق كۆرۈنۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاۋۋال نەپس خاھىشىغا بىرمۇنچە تەسكىن بېرىپ، ئاندىن كېيىن غۇلام ۋە كېنىزەك ئالماققا مەشغۇل بول. ئەمما، سەمىڭدە بولغايكى، باشقا بىر يەردە ئەزىز ۋە ئەركە ئۆسكەن مۇلازىمنى ئالغۇچى بولما. سەن ئۇنى ھەرقانچە ئەزىز كۆرۈپ ئاسرىساڭمۇ، ئۇ ھامان سەندىن مىننەتدار بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىززەت ـ ئىكرامنى ئۇ باشقا يەردىمۇ كۆرگەن. ئەگەر خارلىساڭ، قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، باشقا بىر جايدا مېھنەت ۋە مۇشەققەت بىلەن خارلىنىپ، ئەيىبلىنىش ۋە ئېتىبارسىزلىق ئىچىدە ھېسابسىز جاپا چەككەن چاكارنى ئال. بۇنداق مۇلازىم سەندىن كىچىككىنە ياخشىلىق كۆرسە، كۆپ مىننەتدار بولۇپ، سېنى چىن كۆڭلىدىن دوست تۇتۇپ، ئەقىدە ۋە ئىخلاس كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، سەن ئۈچۈن جان ـ دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ.

سەمىڭدە بولغايكى، ھەرقاچان مۇلازىملىرىڭغا ئاز ـ تولا پۇل ـ پۇچەك ئىنئام قىلماقتىن ئايانما، مۇلازىملىرىڭ ھەمىشە پۇل ـ پۇچەككە موھتاج بولۇپ يۈرمىگەي. بولمىسا، ئۇ ئامالسىزلىقتىن پۇل كويىدا باشقا جايغا كېتىپ قالىدۇ. ھەرقانداق بىر چاكارنى قەدىر ـ قىممىتىگە مۇۋاپىق باھادا ئالغىن. ھەر كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۆز قىممىتىنىڭ مىقدارىچە بولىدۇ. ئەما، كۆپ غوجايىن كۆرگەن چاكارنى ئالما. تولا غوجايىن كۆرگەن چاكاردىن ۋە كۆپ ئەر كۆرگەن خوتۇندىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. شۇڭا، مۇلازىملىققا ياش ۋە ۋاپا قىلىدىغانلىرىنى ئال. ۋاقىتىكى، سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى مۇلازىم باشقا بىرسىگە خىزمەت قىلماقنى خالىسا، جېدەللەشمەي، ئۇنى سېتىپ بەرگىن. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى غوجايىنىدىن ئايرىلماقنى ئارزۇ قىلغان ھەرقانداق بىر چاكاردىن ۋە ئېرىدىن تالاق بولماق تەقەززاسىدا تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق بىر خوتۇندىن ياخشىلىق كۈتمە. ئەگەر خىزمەتكارىڭ قەستەن ھۇرۇنلۇق قىلىپ، خىزمەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلسا، ئۇنداقلارنى گەپ ـ سۆزلەر بىلەن تەربىيىلىۋالارمەن دەپ ئاۋارە بولما. بۇنداق سېپى ئۆزىدىن ھۇرۇن كىشى ھەرقانچە سەۋەب قىلساڭمۇ، ئەيۋەشكە كەلمەيدۇ. ياخشىسى ئۇنداقلارنى تەخىرسىز سېتىۋەت. ئۇخلاپ قالغان كىشىنى بىر ئاۋاز بىلەن ئويغاتماق ئاسان، لېكىن ئۆلۈك تەنىنى ھەرقانچە نەرە تارتىپ، يۈزلەپ ناغرا ـ دۇمباق چالغان بىلەنمۇ ئويغاتقىلى بولمايدۇ. كارغا كەلمەيدىغان، ھارامزادە ئايالنى قېشىڭغا كۆپ يېغۇالما. ياخشى بىر ئايالغا ئېرىشمەك ـ ئىككىنچى بايلىقـ





تۇر. شۇڭا، سادىق، ۋاپادار خىزمەتكار تېپىلغۇچە بىر مەزگىل سەۋر قىلىپ ساقلا. ئۆزۈڭنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى مۇلازىملارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ياخشى غەملەپ بەر. ئۈستىبېشىنى يېلىڭ - يىرتىق تۇتۇپ ئىككى كىشىنى ساقلىغاندىن، ئۈستىبېشىنى پاكىز تۇتۇپ بىر كىشىنى تەربىيەڭدە ساقلىغىنىڭ كۆپ ياخشىدۇر.

مەھرەم سارىيىڭدا ئەزىز پەرزەنتلىرىڭنى غۇلاملارنىڭ «بورا-دەر» ئاتىۋېلىشىنى، يۈرەك پارىلىرىڭنىڭ ئىسمىنى كېنىزەكلەرنىڭ ئاشكارا ئاتىشىنى مەنئى قىل. بۇلارنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش، ئەدەپ ئۆگەتمەسلىك زور ئاپەتتۇر. ئەمما، مۇلازىملىرىڭنى ھەرقاچان چامىسى يەتكۈدەك ئىشقا قوي. خىزمەتنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلى بويۇنتاۋلۇق يۈز بەرمىسۇن. ئۆزۈڭنى ئادالەت ۋە ئىنساب بېزىكى بىلەن زىننەتلە. ئادالەت ۋە ئىنسابنى دوست تۇت. خوتۇن ئېرىنى، مۇلازىم غوجىسىنى ئاتا ۋە ئانىسىدەك، ئېگىچە ۋە سىڭلىسىدەك، ئاغا ۋە ئىنىسىدەك بىلگەي.

تولا تاياق - قامچا يېگەن، تېنى تاياق - قامچا تۈپەيلى جاراھەتلىنىپ پۈچۈلانغان چاكارنىمۇ سېتىۋالما. ئۇنداق چاكار تاياقچى غوجىسىدىن گوياكى ھايۋان تېۋىپتىن قورققاندەك قورقىدۇ. خىزمەتكارلىق سەندىن خالاس بولماق قەستىدە سېتىلماقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىماي، ھېچبىر دېلىغۇل بولماي سېتىۋەت. ئورنىغا يەنە بىر مۇلازىم سېتىۋال!



## يىگىرمە تۆتىنچى باب
## ھويلا - جاي ۋە تېرىلغۇ يەر سېتىۋالماقنىڭ بايانى

ئەي غەمكىن كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى، نەملىك كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەگەر ھويلا - جاي ۋە تېرىلغۇ يەر ئالماقنى ئىرادە قىلساڭ، ساتماق ۋە ئالماقنىڭ نەرخ - باھاسى ۋە مىقدارىنى ياخشى تەپەككۇر قىلىپ، كاسات ۋە ئەرزان بولغان ۋاقىتتا ئالغىن؛ قىممەت ۋە بازىرى ئىتتىك بولغان مەھەلدە ساتقىن. سودا ئىشىدا پايدا ئالماقنى ئەيىب كۆرمە.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى سېتىۋالماقچى بولساڭ، باھاسىنى ئىمكان بار تۆۋەنلىتىپ سورا، ئاشۇرۇپ باھا قويۇش تۈپەيلى ئالدىنىپ قالمىغىن. مۇئامىلىدە باھا تالاشماقمۇ يېرىم تىجارەتتۇر. ئەمما، قانداقلىكى نەرسە ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ پايدا ۋە زىيىنىنىڭ مىقدارىنى چاغلاپ ئال.

ئەگەر نامراتلىشىپ كەتمەي دېسەڭ، سودىنىڭ پايدىسىنى ئايرىۋالماي تۇرۇپ، پۇل خەجلىمە.

ئەگەر دەسمايەڭگە زىيان ۋە نۇقسان يېتىدىغان ئىش بولمىغاي دېسەڭ، ئاقىۋەتتە زىيان كەلتۈرىدىغان سودىدىن پەرھىز

نینگ


اولار برلہ شادان وخرامان بولغیل قدرتینک باریچہ اولارنی
ہدیہ ومروت برلہ سرافراز ایلاکیل تا اول محلہ نینک مکرم ومحتشم
راقی بولغای سن محلہ بالالرینی نوازش قیلیب قاری لارینی
اعزاز واکرام قیلغیل و بش وقت نمازنی محلہ مسجدیدا جماعت برلہ
اداقیلغیل ماہ رمضان شریفدا مسجدغہ شمع وفانوس
تقدیم قیلماغیل واہل محلہغہ ہم شمع فانوس مروت قیلغیل خلق
نینک عادتی اولدورکیم سن اولارغہ نہ طریقدا مروت قیلسانک
اولار ہم سنکا اینک تدارکیدا احسان وآدمیت کورکوزکای
بیلکیل کیم خلایق ہرنوک نخشی لیق ویمانلیق یوزکلتورسہ اول اوز
قیلمیشی نینک تدارکیدور کیم اولارغہ یتیش بولغای بس ہوین
سنکا ییتہ ناخوش کلادورغان فعلنی سن ہم ہروغہ قیلماغیل
بزودین ایشیتب آزردہ خاطر بولادورغان سوزنی اوزونک ہم
یہ برکشیکا ایتیب انی رنجیدہ خاطر قیلماغیل کیم ہرکشی کیم سندین

قىل.

ئەگەر ھەممىشە پايدا كۆرمەكنى، نامراتلىشىپ كەتمەسلىكنى خالىساڭ، ھەسەتخور ۋە خىيالپەرەس بولما. ھەممە ئىشلاردا سەۋر - تاقەتنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. سەۋر - تاقەتلىك بولۇش كىشى ئۈچۈن ئىككىنچى ئاقىللىقتۇر. ھەرقانداق ئىشتا بىپەرۋالىق ۋە ئالدىراقسانلىق قىلما. بىپەرۋالىق — جاھىللىق جۈملىسىدىندۇر. بىرەر ئىشقا قەدەم قويۇپ، ئۇ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش مۇمكىن بولماي قالغاندا، مەشغۇلاتىڭنى دەرھال توختات. ئاۋۋالقى ھالىڭغا قايتىپ، سەۋر قىلىپ تۇرغىن. بەلكىم شۇ سەۋر ئاچقۇچى بىلەن مەقسەت ئىشىكى ئېچىلىپ، كۆڭلۈڭ خۇرسەنلىك تاپسا ئەجەب ئەمەس. بىلگىنكى، ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بولمايدۇ.

ئەگەر ئۆي سېتىۋېلىشنى ئىرادە قىلساڭ، چوقۇم خەلقى ئەخلاقلىق، تىنچ مەھەللىدىن ئال. شەھەر ئەتراپى ۋە سېپىل تۈۋىدىن ئۆي ئالما. ئەرزان كۆرۈپ ۋەيرانە ئۆينى ئېلىپ سالما. ئاۋۋال قوشنىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئېنىقلاپ بىل. چۈنكى، «قوشنا كۆرۈپ ئۆي ئال» دېگەن گەپ بار.

بۇزەر جۇمھۇر ئېيتىدۇكى، تۆت نەرسە زور بالادۇر: بىرىنچى، يامان قوشنا؛ ئىككىنچى، قىلىقسىز ۋە مۇتتەھەم پەرزەنت؛ ئۈچىنچى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش؛ تۆتىنچى، ھەسەتخورلۇق.

برلا توشنالاری


نکاضر یتماسا سنکا ہم اندین آسیب یتکای سندین اول بیدادلیغ
کورکان بولسہ ہم سن ہم آندین بیدادلیغ کورکای سن قوزینک
بولسا اولوغ شہرلاردا مقام توتغیل کیم اولنداغ شہردہ مقیم بولغیل کیم
آب وہواسی خوشگوار وسازوار بولغای اول شہردہ اوزکا اوی
لاردین اوکزہسی بلندراق اوی صاحب بولغیل تا سینک حرمینک غہ
ایل نینک نظری توشکای ولیکین اوزونک نینک نکاہینک نینک
رنجیدہ خلق نینک حرملاریدین یراق توتغیل واکر تیلغا سا تیب آلسانک
قوشنی لاردین خالی یردہ آلماغیل وہم یرنی کیم آلاسن آش ومعاش
آرزان وفراوان بولغان یرنی آلغیل تا سینک ملکونک داخل
بولغان یرشہردین خالی بولغای واول یرکا غیر استحقاق کلتورماک
لیکی خطری یاومانغای البتہ یرنی تانوماغونچہ آلماغیل امایر آلغاندین سونک
ہمیشہ اول یرنی معمور قیلیب آرایش برماک لیک نینک اندیشہسیدا بولغیل
وہرکونہ تازہ عمارت قیلغیل تا ہروقت دا اول یردین دخلی تازہ

ئىمكان بار دەرۋىش، يېقىندىن باي بولۇۋاتقان، ئالىم، ئالىي مەنسەپ ئىگىسى، شەيخ ۋە ھال - ئەھۋالى ئېنىق بولمىغانلارنىڭ ھويلىلىرىغا تۇتىشىدىغان جايدىنمۇ ئۆي ئالمىغىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمەتلىرىنى ساقلىمىقى مۈشكۈلدۇر. تىرىشىپ - تىرمىشىپ شۇنداق جايدىن ھويلا ئالغىنىڭكى، ئۇ يەردە سەندىن بايراق كىشى بولمىغاي. ئەمما، مەھەللە خەلقى بىلەن ياخشى چىقىشىپ ئۆت. ئاغرىپ قالغانلىرىنى يوقلاپ تۇر. مۇسىبەت يەتكەنلەرگە تەزىيە بىلدۈر. مېيىت نامىزىغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما. قوشنىلىرىڭنىڭ ھەرقانداق مېھمىنى بولسا، جايىدا ئىززەتىنى قىل، شادلىقىغا شادلان، خۇشاللىقى ئۈچۈن خۇشال بول. قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە ئۇلارنى ھەدىيە ۋە ئادەمگەرچىلىكىڭ بىلەن خۇرسەن قىل. شۇندىلا مەھەللىنىڭ كاتتىلىرىدىن، ئۇلۇغلىرىدىن بولالايسەن. مەھەللە باللىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسەت. قېرىلارنى ئىززەتلە. بەش ۋاق نامازنى مەھەللە مەسچىتىگە بېرىپ، جامائەت بىلەن ئادا قىل. مۇبارەك رامىزان ئايلىرىدا مەسچىتكە ھەم ئەھلى مەھەل-


وحصولی بی اندازه حاصیل قیلغای سن زنهار یکا ایشلاماک
وامکالیب آبادان قیلماقدین تیماغیل کیم باغ راغ وتاریغانینک
اعتباری حصول برماک بیله دور کیم حصولی دخلی بولماسا انداغ بیله
بیلگیل کیم همه بیابانلار سینینگ یرینگ دور چراکه دهقان نینگ قدر وقیمتی
وعزتی وبرلیه بولغای ویرنینک اعتباری حصول بیله بولغای امکانی
ی وسادق سیز یردین حصول حاصیل بولمغای والله اعلم
[illegible]
فرزند: هشیار و دلبند عالی مقدار آگاه وخبردار بولغیل اگر آط آلماقنی
اراده قیلسانک بخشی تامل قیلیب آطنی توتوب آلغیل تا آط آلماقدا سهو وخطا
واقع بولماغای کیم آط وآدم نینک جوهری برادور اول جهت دین کیم
بخشی آطقه واوبدان آدمغه هر قانچه کوب بها قویولسه روا دور
انداغکیم آط نینک یمانی نه مقدار سرزنیش وملامت قیلسا روا
بولغای وحکما ایتیب دورلار عالم آدم بر له برجا دور وانسان حیوان

لىمگە شام، پانۇس ئەۋەتىپ تورۇشنى ئېسىڭدىن چىقارما. خەلقنىڭ ئادىتى شۇكى، سەن ئۇلارغا قايسى تەرىقىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولساڭ، ئۇلارمۇ ساڭا شۇنىڭ لايىقىدا ئېھسان ۋە ئادەمگەرچىلىك كۆرسىتىدۇ. بىلگىنكى، خالايىققا قىلغان ھەرقانداق ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئۆز قىلمىشىنىڭ بەدىلىدە ئۆزىگە قايتىدۇ. بەس، بىراۋدىن ساڭا يەتكەن كۆڭۈلسىز قىلىقنى باشقا بىرسىگە قىلما، بىراۋدىن ئاڭلىغان كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان سۆزنى يەنە بىر كىشىگە ئېيتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما. ئۇمۇمەن، سەندىن باشقىلارغا زەرەر يەتمىسە، ساڭىمۇ باشقىلاردىن زەرەر يەتمەيدۇ؛ باشقىلار سەندىن زۇلۇم كۆرمىگەن بولسا، سەنمۇ باشقىلاردىن زۇلۇم كۆرمەيسەن.

قۇدرىتىڭ يەتسە سۇ ۋە ھاۋاسى يېقىشلىق چوڭ شەھەرلەردىن ماكان تۇت ھەمدە ئۆگزىسى ئۆزگە ئۆيلەردىن ئېگىزرەك ئۆينى سېتىۋال. سېنىڭ ھۇجراڭغا ئەلنىڭ نەزىرى چۈشمىگەي. لېكىن، سەنمۇ نەزىرىڭنى باشقىلارنىڭ ھۇجرىسىغا سېلىپ رەنج يەتكۈزۈشتىن ساقلان.

ئەگەر تېرىلغۇ يەر سېتىۋالماقچى بولساڭ، قوشنىلىرىڭنىڭ يېرىگە يېقىن يەردىن ئال. ئەمما، ھەرقانداق يەرنى ئاش ۋە مەئىشەت ئەرزان، پاراۋان بولغان يىلى ئالغىن. سېنىڭ مۈلكۈڭگە تەۋە بولغان يەر دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغان، غەيرىيلەرنىڭ شېرىكلىكى بولمىغان، بىخەتەر ۋە شۈبھىدىن خالىي بولغاي. ئەلۋەتتە، يەرنى تەكشۈرمەي، بىلمەي تۇرۇپ ئالما. ئەمما، ئالغاندىن كېيىن، ھەمىشە ئۇ يەرنى پەرۋىش قىلماق، تۈزىمەكنىڭ كويىدا بول. ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشنى ياخشى قىل. يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا غەپلەت قىلما. يەرنى تېرىلغۇ سالمىغۇدەك بولساڭ، كەڭرى دائىرىدە تېرىپ، ئۈنۈمىنى زىيادە دارامەت ۋە ھوسۇل ئالاي دېسەڭ، ئىشلەشتىن، جاپا چېكىپ گۈللەندۈرۈشتىن بىر كۈنمۇ توختاپ قالما. باغىراڭ ۋە تېرىلغۇ يەرنىڭ ئېتىبارى ھوسۇلى بىلەندۇر. ئەگەر ھوسۇلى ۋە دارامىتى بولمىسا، بىلگىنكى، ئۇنداق يەر چۆل ـ باياۋانغا باراۋەردۇر. دېمەك، دېھقاننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززىتى يەر بىلەن؛ يەرنىڭ ئېتىبارى ھوسۇلى بىلەندۇر. چۈنكى، ئەمگەكسىز ئەر ۋە ياسىداقسىز يەردىن ھوسۇل ھاسىل بولماس!

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئابلىمىت ئەھەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، ئىلھام ئابدۇللا پوسكام ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ

# موللا نىزامىددىن ئاخۇنۇم ۋە «ھېكمەتى نىزامىددىن»

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرغان شائىر موللا نىزامىددىن 1850 ـ يىلى (ھىجرىيە 1266 ـ يىلى) غۇلجىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىلىدا 40 يىلدىن ئارتۇق قازىلىق قىلغان، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىدىن بىرسى بولغان ناسىرىددىن ئەئلەم ئىدى. مەنبەلەرگە قارىغاندا، بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان ناسىرىددىن قازىكالاننىڭ دادىسى باباشاھ ئاخۇنۇم مىلادىيە 1740 ـ يىلى (ھىجرىيە 1150 ـ يىلى) كونا تۇرپاندىن ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەن.

موللا نىزامىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ئائىلىسى ۋە دادىسى ناسىرىددىن ئەئلەم ئاخۇنۇم ھەققىدە شائىر موللا بىلال نازىم ئۆزىنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىدا خېلى كۆپ مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

«كى قازى كەلان ناسىرىددىن دەلىر،
نەدۇركىم دەلىر چۇن ئىدى شىرگىر.
كى فەرزەندىدۇر فەخرىددىن نەۋجەۋان،
كى دەۋۋۇم نىزامىددىن فەرزەندى جان.
ئىككى ئوغلى كامىل ئىدى ئىلىم ئارا،
كى ئىلىم ئارا ئەقلى تېز ھىلىم ئارا.
ئاتا گۈل ئىدى، ئىككىسى غۇنچەسى،
ئاتادۇر سەدەف، ئىككىدۇر يۇمچەسى».

موللا نىزامىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۈچىنچى پەرزەنت ئىكەنلىكى، تاھىر ئاخۇنۇم، فەخرىددىن ئاخۇنۇم ئىسىملىك ئىككى ئاكىسى ۋە دىلەيسخان ئىسىملىك سىڭلىسى بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بار. شائىر موللا بىلالنىڭ تاھىر ئاخۇنۇمنى تىلغا ئالمىغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئائىلىدىكى چوڭ ئوغۇل بولغان تاھىر ئاخۇنۇم سەل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك.

ھەرتەرەپلىمە ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن ناسىرىددىن قازىكالان تۈرلۈك زۇلۇم ـ سېلىقلارغا چىداشقا تاقىتى قالمىغان ئاۋامنىڭ قوزغىلىپ، چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىشىغا پەتىۋا بېرىدۇ ھەم ئۆزىمۇ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدىكى يېزىلارنىڭ دېھقانلىرى تولۇق ئاتلىنىدۇ. يېتۈك ئۆلىما ناسىرىددىن قا-

زىكالاننى شائىر بىلال نازىم ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ، چەكسىز مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ:

«چىرايىغا باقسالڭ ئېرۇر تازە گۇل،
ھەممە گۇل چىرايلار ئېرۇر ئاڭا قۇل.
تەككەللۇم زەمانىدا سۆزلۇك ئېرۇر،
يۈزى گۇل سىفەت، ئاھۇ كۆزلۇك ئېرۇر.
ساقالى ئۇنىڭ مىسلى كافۇر ئېرۇر،
يۈرەكلىك زەباندار، بەھادىر ئېرۇر».

ئەمما، 40 يىللار قازىلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ، خەلقنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە، ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن بۇ جامائەت ئەربابىنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك يوسۇندا ئاخىرلىشىدۇ:

باياندايى قەلئەسىنى ئېلىش جېڭى جەددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە قازىكالان ناسىرىددىن ئەئلەم سېتىلغان مەزەمزاتنىڭ سۈيىقەستىنى سېزىۋالالمىغانلىقتىن، مۇقىم رەھبەرلىكنىڭ بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، قوزغىلاڭ باشچىلىرىغا تەكلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن جەددىي يىغىن ئېچىلىپ، بۇ يىغىنغا قازى ناسىرىددىن ئەئلەم ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. مەزەمزاتنى «سۇلتان مەزەمزات» ئۇنۋانى بىلەن خان قىلىپ تىكلەيدۇ. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمىرلەشكەر(ھەربىي قوماندان) بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ يىغىندا سۇلتاندىن تارتىپ، يۈز بېشىغىچە ھەممە مەنسەپدارلار تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىلىدا دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن يەرلىك ھاكىمىيەت — «ئىلى سۇلتانلىقى» قۇرۇلىدۇ. لېكىن، ئاقىلانە قوماندانلىق قىلغان ۋە سادىر پالۋان بىرلىكتە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، غەلىبە قازىنىشقا ئاساس سالغان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئابرۇيىنىڭ بەك ئۆسۈپ كەتكەنلىكى سۇلتان مەزەمزات ۋە ئۇنىڭ قولچومىقى بولغان ئەخمەتجان سىڭار كۆزنى قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئۇلار يالغاندىن مانجۇچە يېزىلغان خائىنلىق خېتى تەييارلايدۇ. ئەخمەتجان غوجا سىڭار كۆز ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە كەچتە بارگاھ ئىچىدە يېتىش ئالدىدا تۇرغان ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ھېلىقى خەتنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ. ئەمىرنىڭ يېقىن ئادىمى دەپ قازى ناسىرىددىن ئاخۇنۇمنى زىندانغا تاشلايدۇ.

دەل مۇشۇ ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆزىنى ئۇلۇغ غوجاملار نەسلىدىن قىلىپ كۆرسىتىپ، ماخمۇت ئىسىملىك بىر قېرى غوجا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى ئېيتىپ، كۆپلىگەن ئادەملەرنى ئۆزىگە مۇرىت قىلىۋالىدۇ. ياغاچتىن پو (زەمبىرەك) ياساپ، ئۇرۇشتا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سۇلتان بولۇشنى نىيەت قىلىدۇ. ئەمما، ياسىغان پوسى ئېتىلىش بىلەن پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن پوچى غوجا ئۆيىگە بېكىنىپ ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە قازى ناسىرىددىن ئاخۇنۇم ئىسىملىك يېتۈك بىر ئۆلىما، يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە زاتنىڭ زىنداندا يېتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «بۇ ئاخۇنلۇغۇم قولغا كەلمەك ھامان، مېنى پادىشاھ قىلسا يوقتۇر گۇمان» دېگەن ئوي بىلەن ناسىر قازىكالاننى زىنداندىن ئېلىپ چىقىش كويىغا چۈشۈپ، بۇنىڭغا سۇلتاندىن ئىجازەت سورايدۇ. ئەمما، سۇلتان بۇنىڭغا قوشۇلمىغاچقا، پوچى غوجا ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن جەملىگەن ئەسكەرلىرى بىلەن قازىكالاننى زىنداندىن ئېلىپ چىقىش كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ ناھايىتى كۆپ پولارنى تەييارلاپ، ھارۋىلارغا بېكىتىپ، شەھەر ئىچىدە سۆرەن - چۇقان كۆتۈرگەن پېتى زىندانغا بېسىپ بېرىپ، ناسىرىددىن ئەئلەمنى ئازاد قىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى مەخسۇس يېڭى بارگاھقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال-

دىن خەۋەر تاپقان مەزمەزات قازىكالاننى ئۆلتۈرۈۋېتىش كويىغا چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەنى «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىدىن ئاڭلايمىز:

كى سۇلتان يانىگە ئېلىپ ئەسمەنى،
ئەھەد باقى بىرلە نەچچە خەسمەنى.
كى ئەرەشتۇرۇپ نەچچە نادانىنى شاھ،
كى قان تۆككەلى ئاتلانىپ تۇتتى راھ.
بۇ شەھ يولداشى جۇملە جاھىل ئېدى،
ۋەلې خۇن ھەققە كامىل ئېدى.
كى بەئزىلەرىنىڭ ئېدى كۆڭلى تۇز،
تولاراقى ئەردىكى ئەييار دۇز.
بۇ شاھ بىر تەرەف، قوچى ھەم بىر تەرەف،
بۇ ئاخۇنلۇغۇم يۈردىلەر بىر تەرەف.
كى سۇلتان قەسد بىرلە ھەريان قارار،
كۆرەر ئاخۇنۇم يەككە - يالغۇز تۇرار.
كى سۇلتان ئۇرۇپ باڭ سۇلان قاچتى دەپ،
كى ئاخۇنغا يۈردى بارىپ ئاتقا دەپ.
كۆرەر ئاخۇنۇم كېلەدۇر ئەسمە تېز،
ئانىڭ سوڭىچە كېلەدۇر خەسمە تېز.
دېدى ئاخۇنۇم: ئالامان، ئالامان،
كى يالغۇز بۇ يەردە تۇرۇپمەن يامان.

دېدى قامچىلاپ ئاخۇنۇم قاچتى تېز،
سوڭىدىن تامام خەسمەلەر قىلدى خىز.
بۇ بىچارە ئاخۇن قايانغا قاچار،
قازا ئاخۇنۇمغا بولۇپدۇر دۇچار.
گۇرۇنچ ئېتىزىغا ئالىپ يۈردى ئات،
كى ئەسمە يۈگۈرتۈپ يېتىپ كەلدى فات.
توپەك ئاتتى تېز تەگدى ئاخۇنغا ئوق،
كى ئاتتىن يىقىلماققا بولدى ياۋۇق.
ئەھەد باقى پەرقىغە سالدى تەبەر،
بۇ ئاخۇنغا سۇسلۇق قىلدى تېز ئەسەر.
دېدى ئاخۇنۇم: يەزدانى پاك،
جەھاندىن بۇلارنى ئۈزۈڭ ئەيلە پاك.
كى ئات مۇدۇرىلدى، يىقىلدى زەمىن،
بۇ يەردە شەھىد بولدىلار مەھجەبىن.
كى جانى جانان سارى بولدى رەۋان،
مۇبارەك تەنى بولدى ئاغۇشتە قان.
كى كافۇر سىفەت ئاق ساقال بولدى خۇن،
مۇنى ئاڭلاغان مۇئمىن ئۆلدى جۇنۇن...

ناسىرىددىن ئەئلەم ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەلى دىيارىنى لەرزىگە سالىدۇ، ئەل - يۇرت ئۇنىڭغا چوڭقۇر ماتەم تۇتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا 15 ياشقا كىرگەن موللا نىزامىددىن بولسا دادىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ زار يىغلايدۇ:

نىزامىددىن ئاخۇن يەقا چاك ئېتىپ،
بولۇپ بىقەرار گاھى ئەقلىدىن كېتىپ.
دەر ئېدىكى: ئەي مېھرىبانىم ئاتام،
فىدادۇر ساڭا تەندە جانىم ئاتام.
باشىم ئۈزرە ئېدىڭكى تاجىم ئاتام،
مەھەم ئوترۇ كەلسە رەۋاجىم ئاتام.

شۇنداق قىلىپ، نىزامىددىن ئاخۇنۇم 15 يېشىدا دادىسى ھەم ئاكىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەنلا قالىدۇ.

تۇنجى تەھسىلنى موللا ئەلى ھاجىدىن ئالغان نىزامىددىن ئاخۇنۇم كېيىنچە ئەلى سۇلتانى ئەلاخان سۇلتانىنىڭ ھىمايىسى بىلەن مۇپتى مەسئۇد ئاخۇنۇمغا شاگىرتلىققا بېرىلىدۇ. ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن نىزامىددىن 1875 - يىلى مۇپتى مەسئۇد ئاخۇنۇم ھەجگە ماڭغاندا، ئۇستازى تەرىپىدىن ئۆز شا-

گىرتلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىدە قالدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نىزامىددىن ئاخۇنۇم ناھايىتى كۆپ شاگىرت يېتىشتۈرىدۇ ۋە ئۇستازلىق پائالىيىتى 1882 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك ھادىسىلەر سەۋەبلىك باشقا كۆپلىگەن ئاۋام قاتارىدا ياركەنتكە كۆچىدۇ ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شۇ يەردە قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلەيدۇ.

نىزامىددىن ئاخۇنۇم 1902 - يىلى (ھىجرىيە 1320 - يىلى) 52 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ.

نىزامىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۈچ ئايالى بارلىقى مەلۇم. ئۇلارنىڭ بىرسى شەمسىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ئىككىنچى قىزى ھەلىمەخان ئاپپىقىم، ئىككىنچىسى، ھۆرنىساخان ئاپپاق، ئۈچىنچىسى بۇۋى مەريەمدۇر. نىزامىددىن ئاخۇنۇمنىڭ سالاھىددىن مەخسۇم ۋە زىيائىددىن مەخسۇم ئىسىملىك ئىككى ئوغلى ۋە ئايىمبۇۋى ئىسىملىك بىر قىزى بولغان.

نىزامىددىن ئاخۇنۇم قازىلىق ۋە مۇدەررىسلىك خىزمەتلىرىنى قىلىش بىلەن بىللە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، دىن، تەسەۋۋۇپ، پەلسەپە، ئىشق - مۇھەببەت تېمىلىرىدا ناھايىتى كۆپ شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ «ھېكمەتى نىزامىددىن» دېگەن نام بىلەن سەرلەۋھەلەنگەن توپلىمى 1900 - يىلى خەتتات ئەمرىددىن ھاپىز تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. كېيىن ۋەلىباي يولداشۇپنىڭ چوڭ ئاكىسى مۇھەممەد شاگەنىڭ ئوغلى قاسىمخان يولداشۇپنىڭ باشچىلىقىدا مەتبەئەدە بېسىلغان. ئەمما، كىتاب نەشردىن چىققان ۋاقىتتا نىزامىددىن ئاخۇنۇم بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كۆز يۇمغانىدى. بۇ چاغدا نىزامىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى سالاھىددىن مەخسۇم تۆت ياشتا بولغاچقا، دادىسىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن، جۈملىدىن نەشر قىلىنغان كىتابىدىنمۇ پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاب قولدىن - قولغا كۆچۈپ، 1918 - يىلىدىكى قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ياركەنتتە چۈلۈقايلىق قايىمبېك ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئۆيىدە يەرلىك بىر ئادەم تەرىپىدىن بايقالغان. 1920 - يىلى يەنە چۈلۈقايلىق مەغپىر قازى زىكرىيا ئىسىملىك بىر كىشى بۇ كىتابنى قولغا چۈشۈرگەن. كىتاب قولدىن - قولغا ئۆتۈش جەريانىدا باش ھەم ئاخىرقى بەتلىرى پەرسۇدە بولغان ۋە قالغان قىسمىمۇ ناھايىتى كونىراپ كەتكەن. 1970 - يىلى نىزامىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى سالاھىددىن مەخسۇمنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ كىتاب ئابدۇمىجىت قارىم تەرىپىدىن ئۈچ بۆلەككە ئايرىپ رەتلىنىپ، ئۈچ جىلد قىلىپ توپلەنگەن. بۇ كىتاب ھازىرمۇ ئۈچ جىلد ھالىتىدىدۇر.

ئەسەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىش، تەتقىق قىلىشتا قىرغىزىستان - تۈركىيە ماناس ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. «ھېكمەتى نىزامىددىن»نىڭ 1 - جىلدى قىرغىزىستان - تۈركىيە ماناس ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى تۈركولوگىيە ئاساسىي پەنلەر بۆلۈمىدىن ئايخان چەلىكباي تەرىپىدىن دوكتورلۇق دىسسىرتاتسىيەسى قىلىپ تەتقىق قىلىنغان. 2 - جىلدى بولسا فارۇق ئۆزتۈرك، مىرزات راكىمبەك ئوغلى، كالىبەك توكتومۇرادوف ۋە باكتىگۈل چىنىبايېۋا، 3 - جىلدىنىڭ دەسلەپكى 45 ۋارىقى ۋېنېرا تۇراتبەك قىزى تەرىپىدىن مەكتەپ پۈتكۈزۈش دىسسىرتاتسىيەسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىپ، مەتىنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ نەشر قىلىنغان. قالغان قىسىملىرىمۇ تۈركولوگىيە بۆلۈمىدىن سەمىھ باباتۈرك، رەجەپ يۈرۈمەز، پاتىمە دەرۋىشىۋا، يۇلتۇز كولىيېۋا، ئەلدار چىنگارايېف تەرىپىدىن دىسسىرتاتسىيە ماقالىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، دوكتور، پىروفېسسور ئايخان چەلىكباي تەرىپىدىن يېزىلغان «نىزامىددىن ئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ ‹ھېكمەتى نىزامىددىن› ناملىق ئەسىرى» ناملىق ماقالە ۋە «ھېكمەتى نىزامىددىن»نىڭ 1 - تومىدىن تەييارلانغان تۆت پارچە غەزىلى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇل-

تېپتى تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «بۈگۈنكى زامان تۈركچىلىك تەتقىقاتلىرى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 8 ـ جىلد 2 ـ سانىنىڭ (2011 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چىققان) 134 ـــ 144 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.
«ھېكمەتى نىزامىددىن»غا كىرگۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ سانى 1200دىن ئاشىدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، نىزامىددىن ئاخۇنۇم ئىجادىغا مەنسۇپ بۇ شېئىرلار ئىدىيۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنە كونا جەمئىيەتنىڭ بەزى پاسسىپ ئىدىيۋى خاھىشلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنداق تەرەپلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولىشىمىز زۆرۈر. بىز تۆۋەندە بۇ غەزەللەردىن تاللانغان نەمۇنىلىك غەزەللەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سوندۇق.

1

ھەمدۇ سەنايى ھەق بىلە بولغاي دىل ئىنشىراق،
شۈكرۈ دۇئادىن بولغۇسى ھەر دىلغە ئىشتىياق.
ھەر كىم دىلىغە تۈشسە خۇدانىڭ مۇھەببەتى،
ئەھلى جەھاندىن ئەيلەگۈسى بىشەك ئىفتىراق.
ئىشقىنىڭ بۇراقى بىرلە چۇنان سەير ئېتەر كىشى،
بىر لەھزە سەير بىرلە كېزەر كىم بۇ نوھ رەۋاق.
ئاشىقلاركى دۇنياۋۇ ئۇقبانى تەرك ئېتىپ،
جەۋلان قىلىبان يۈرگۈسىدۇر ئىشقىدىن بۇراق.
يۈرگەيكى شەيخى كامىلنى ئىزلەبان مۇدام،
ئەيلەپ سەفەرنى بارغۇسىدۇر شام بىلەن ئىراق.
ئەھلى ۋەفانىڭ سۇھبەتىدۇر كىمسە، ئەي ئىشق،
مىسنىڭ ۋۇجۇدىن زەر قىلادۇر بولسا ئىلتىھاق.
تاپساڭ خەبەرنى شەيخى تەرىقەت ۋۇجۇدىدىن،
قىلغىل قەدەمنى ياش بىلە كىم قويماغىل ئاياق.
مۇئمىن بىلۇركى قەدرى ئەزىزلەرنى، ئەي جەۋان،
بىلمەس رەسۇلنىڭ قەدرىنى كۆڭلىدە بار نىفاق.
سىددىق دىلىدىن بولسا كىشى ئەھلى ھەق بىلەن،
كەتكەي بۇلارنىڭ سۇھبەتىدىن بولسا ھەر شىقاق.
قىلسا نەسىب ئەھلى ۋەفا سۇھبەتىن خۇدا،
يەتكەي خۇداغە بولسا بۇلار بىرلە ئىتتىفاق.
پىرى مۇغانىنىڭ سۇھبەتىنى تاپسا ھەر كىشى،
خىزمەت قىلىبان ئەھدىدە ئۇلغايكى يا ۋىساق.
بىلگەي غەنىيمەت بار ھەياتىنى سەرف ئېتىپ،
لەيلۇ نەھار سۇھبەتىدىن بولماي ئىفتىراق.
كىم تاپسا سۇھبەتىنى بولۇر زىكرى ھەق بىلەن،
ئەيلەركى قەۋلۇ فىئلىنى ھەردەم ئاڭا ۋىفاق.
بولسا دىلىڭدا، ئاسىي نىزامىيكى، مەيلى ئىشق،

دائىمكى ئاھۇ نالە بىلە بولغىل ئىھتىراق.

2

ئەگەر دىلدا بولسا نۇرى ئىشتىياق،
كى نەفسۇ ھەۋادىن بولۇر ئىفتىراق.
كۆڭۈل بەرمەگەي دۇنياغە ھىچ زەمان،
كى زىكرى خۇدادىن تاپار ئىنشىراق.
خەبەر ئالسا شەيخى ھۇدا بارىدىن،
سەفەر قىلغۇسى مەككە شامۇ ئىراق.
يوقاتماي دىلىدىن ھەۋايۇ ھەۋەس،
كى تاپسا مەيى ئىشقىدىن ئول مەزاق.
كىمىي تاپسا رىندانى ئىشق سۆھبەتىن،
كى جانۇ دىلىدىن قىلۇر مەي سوراق.
لەبى جانىغە يەتسە مەي قەترەئى،
دىلىدىن بولۇر بەھرى ھەق ئىنشىقاق.
بۇ مەيدىن كىشى ئىچسە بىخۇد بولۇپ،
كى تاشلاپ كېتەركىم بۇ قەسرۇ رەۋاق.
بەناگاھ دىلىغا تۈشەر شەۋقى ھەق،
كى ئىشقىنىڭ ئوتىدىن بولۇر ئىھتىراق.
نىزامىي، تەلەب قىلكى ئىشقىنىڭ ئوتى،
مەگەر تۈشسە قويماس دىلىڭدا نىفاق.

3

ھەر كىشىنىڭ دىلىدا بولسا نىفاق،
تۇرماغاي ئەھدەسىغە قىلسا ۋىساق.
قەندۇ شەككەر كەبى سۆخەن قىلسا،
بولماغاي ھەر سۆزىدە ھىچ مەزاق.
ھىيلەۋۇ مەكر قىلىپكى ئالدايدۇر،
تۇرماغىل سۆھبەتىدە ئەيلە فىراق.
خاردۇر ھەر مەكانىغا ئول بارسا،
بىنەۋادۇر ئەگەرچە شامۇ ئىراق.
ھەمەقالار بىلەن قىلىپ سۆھبەت،
كى بۇلاردىن ۋەفانى قىلما سوراق.
قىلدى «قۇرئان» ئىچىدە ۋەسفلەرىن،
كى مەزەممەت قىلىپكى ئەھلى سىقاق.
دۈشمەن گەرچە ساڭا باشىن قويسا،
مەكر ئەيلەر باشىغا ئۇركى تاياق.
بولما مەغرۇرى ۋەئدەۋۇ دۈشمەن،
سىندۇرۇپ ۋەئدەسىن قىلۇركى مەھاق.
ئەي نىزامىي، فەرىبى دام ئولما،
كى ئەدۇلارغا ئەيلەبانكى رىقاق.

4

فىدا قىلۇرگە باشىن كۆرگەنىدە خەنجەرى ئىشق،
دىلىنىڭ ئىقلىمىنى تەسخىر ئەتتى لەشكەرى ئىشق.
ۋۇجۇد شەھرىنى ئول دەمكى غارەت ئەتكەيلەر،
كى ئاندا قىلدى كۆڭۈل شەھرىنى مۇسەخخەرى ئىشق.
زۇبابى نەفسۇ ھەۋا بىمەدار ئولغايكىم،
ئېشىتسە نەئرەسىنى تارتقاندا سەفدەرى ئىشق.
كۆزىنى سالمادى دۇنياۋۇ ئەھلى دۇنياغا،
كەمالى ھىممەتىدىن ھېچ ۋەقت قەلەندەرى ئىشق.
بەلالار كەلسە شىكايەتنى قىلماغاي ئول دەم،
ۋۇجۇد سەفىنەسىغە تاشلاغاندا لەنگەرى ئىشق.
جۇنۇدى ھىرسۇ ھەۋا گەر ھۇجۇم قىلساكىم،
ئىنايەت قىلسا خۇدا يوق قىلۇركىم ئەجدەرى ئىشق.

كىشكى قىلسا تەلەب چەشمەئى ھەياتى ئىشق،
كى خىزى راھ كېرەك بولسا ھەم سىكەندەرى ئىشق.
مەشايىخانى تەرىقەتتغە ئولسا كىم يولداش،
نىسارى سۆھبەتىدىن تەگدى قولغا گۆھەرى ئىشق.
قەنائەت گەنجىنى تاپماس فەقىر قىلسا تەلەب،
قولىغا كەلسە تاپار ئول زەمانىدە شەھەرى ئىشق.
تەننى ئۇد قىلۇر ھەر زەمانىدە ئاشىقلار،
ۋىسال مەجلىسىدە قويغانىدا مىجمەرى ئىشق.
نىزامىي ئىشق سۆزىن ھەر كىشى بەيان قىلماس،
بەيان قىلۇرگە كىشى ئالغانىدە گەۋھەرى ئىشق.

5

ئاشىق ھەمىشە قىلماسا شۈكرۈ سەنايى ئىشق،
كەلمەس قولىغا ھېچ زەمان كىميايى ئىشق.
ھەر چەند بەلاۋۇ رەنجۇ مەشەققەتتغە سەبر ئېتىپ،
ئايىنەئى دىلىنى سافلاسا تۇشكەي لىقايى ئىشق.
تا يىغماساكى مەيلى دىلىنى ھەۋاسىدىن،
سۈرتۈلمەگەي كۆزىغە ئانىڭ تۇتىيايى ئىشق.
مەجزۇبى سالىكانى تەرىقەتنىڭ سىررىنى،
بىلگىلكى تارتتى جەزب ئىلە ئاھەنرەبايى ئىشق.
قىلسا ئىنايەت لۇتف ئىلەكىم ئىشق فەيزىنى،
سالىك دىلىغا ھاسىل بولۇركىم سەفايى ئىشق.
زەنگەرى ماسىۋانى دىلىدىن چىقارماسا،
تاپماس ئېمىشكىم ھېچ زەمانىدا رىزايى ئىشق.
قىلغىل، نىزامىي، جانۇ دىلىڭنى فىدايى ھەق،
مۆمكىنكى بەرسە لۇتف ئىلە خۇنبەھايى ئىشق.

6

مەخمۇرى ئەلەست ئولدى كىم ئىچتى مۇدام ئىشق،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچسە تاپقايكى مەقامى ئىشق.
تا ئالماغۇچە كامىل تايران مەقام ئولماس،
تەجرىدى جەھان بولماي ئۇچماسكى مەرامى ئىشق.
ساف قىلماسا كۆڭۈلنى زەنگەرى ھەۋاسىدىن،
نادانى تەرىقەتدۇر بىلمەسكى كەلامى ئىشق.
سەنگىن كۆڭۈللەرغە ئىشق شۇئلەسىكىم تۇشسە،
مۆمدەك ئېرىتىپ ئول دەم ئاخلاركى سەلامى ئىشق.

ئاشىق كۆزىدىن ئول دەم قان ياشى رەۋان بولغاي،
يادىنكى سەھەر ناگەھ كەلتۈرسە پەيامى ئىشق.
بىلگىل جۇدا بولماي ئەخلاقى زەممەدىن،
سۈللاكى تەرىقەتلەر كىرمەسكى خىيامى ئىشق.
ئىزلەكى، نىزامىددىن، تۈللابى تەرىقەتنى،
شايەدكى بۇلار بىرلە ئولغايسە غۇلامى ئىشق.

7

قىلدى ئەدەمدىن ئۇشبۇ جەھاننى بازارى ئىشق،
ئۇششاق دىلىنى پارە قىلۇر گۇلئۇزارى ئىشق.
ھەر سالىكىكىم ئۇشبۇ نەۋانى تاپالماغاي،
دىلىنىڭ دىماغى تارتماسا بۇيى بەھارى ئىشق.
قان ياشىنى تۆكۈپكى تۇرار نالە ـ زار ئىلە،
ناگەھ يېتۈشسە بادى سەھەردىن ئىپارى ئىشق.
ۋەسلىن تاپالمايىن يۈرۈبان كوھۇ دەشت ئارا،
مەجنۇن كەبى لەيلى دېبان ھەزارى ئىشق.
مۇمدەك ئۆزىنى يار جەمالىدا يوق قىلىپ،
تاپماي بەقايى يارنى بولماس مەدارى ئىشق.
كاملى مۇكەممەل بولماسا شەيخى زەمان ئەمەس،
ھەرگىز كۆتەرمەس ۋۇجۇدى ئانىڭ كاربارى ئىشق.
بىلمەي نىزامىي ئىشق كەلامىنى سۆزلەدى،
شايەد نەزەرنى سالسا بىلۇر لالەزارى ئىشق.

8

مەجنۇنى جەھان ئولدى كۆرگەندە جەمالى ئىشق،
فانىيى ۋۇجۇد قىلغاي تۈشكەندە جەلالى ئىشق.
مۇرشىدى جەھان ئولماسكىم تەيىي مەكان قىلماس،
ئول تەيىي مەقام ئەيلەر تاپقاندا كەمالى ئىشق.
بى ئىشق قەدەم قويسا مەقسەدغە يېتىپ بولماس،
شەۋق ئىلە قەدەم قويغاي ئىچكەندە زۇلالى ئىشق.
ھەر قانچە بەلا كەلسە جانۇ دىل بىلە شۈكر ئەيلەر،
قىلماسكى شىكايەتنى بىلگەندە دەلالى ئىشق.
مەنزۇرى نەزەر بولماس چەكمەيكى رىيازەتنى،
چەشمى تەرى بولماس كەم بولغاندا مەلالى ئىشق.
قان يىغلاسا ھەر ئاشىق سىدقى دىلىدىن ھەر ۋەقت،
مۇمكىنكى نەزەر سالسا چىققاندا ھىلالى ئىشق.

ھالىنى بەيان قىلسا سەردانى ھەقىقەتغە،
ئەلبەتتە مەدەد ئەيلەر ئول ئاندا رىجالى ئىشق.
ئەكسەرى تەرىقەتدۇر ئەلبەتتە غەنىيمەت بىل،
بىپىرى ھۇدا بولماس تاپغاندا خىسالى ئىشق.
ئەرز ئەيلە نىزامىددىن پىرانى تەرىقەتغە،
شايەدكى كەرەم قىلغاي بەرگەندە مەنالى ئىشق.

9

كۆرمەگۈچە ھۇران قىلماسكى ھەۋايى ئىشق،
ساف قىلماغۇچە دىلنى تۇشمەسكى لىقايى ئىشق.
ئىشق ئەھلى ھەبىبى ھەقنى فەيزى خۇدا بولماس،
چۇن قىلسا نەزەرۇللاھ تاپقايكى خۇدايى ئىشق.
بىئىشق قەدەم قويسا مەقسەدغە يېتەلمەيدۇر،
تەۋفىقۇ ھىدايەتسىز ئولماسكى ئەتايى ئىشق.
سىدق ئىلە تەلەب قىلسا ئەيلەپكى رىيازەتنى،
پىرانى تەرىقەتلەر بەرگەيكى دەۋايى ئىشق.
جەھلى سال رىيازەتنى بىپىرى ھۇدا قىلسا،
پىرانى ھەقىقەتسىز تاپماسكى نەۋايى ئىشق.
ھەر چەند يامان بولسا تۇشسە نەزەرى پىران،
سەنگىن دىلىنى مۇمدەك ئەيلەركى نۇمايى ئىشق.
بىلگىلكى، نىزامىددىن، شەيخانى تەرىقەتنى،
رەھدانى ھەقىقەتنىڭ دەستىدە ھۇمايى ئىشق.

10

ئىشقىنىڭ يولىغا كىرگەن شەيخدىن ئالسۇن سەباق،
تەئلىم ئالماي قىلسا دەئۋا ئول كىشى ئۇلغاي سىراق.
ھەر كىشى قىلسا كامالىق دەئۋىسىن لازىم ئىمىش،
تەركى دۇنيا ئەيلەبان ئىشق بابىنى قىلغاي بەلاق.
مالۇ ھالىن ھەق يولىدا سەرف ئەيلەپ ھەر زەمان،
مېھتەرۇ كېھتەرغە ھەر كۇن تارتار ئەرمىشلەر تەباق.
تاپماغىنىڭ ئەھلى سەخانى دۇنيادا كامىياب ئېرۇر،
ھېچ ۋەقت مۇمسىك ئۆيىغە بولماسۇن ھەركىم قوناق.
ئەيلەگىل ئەھلى ھۇدانىڭ خىزمەتىنى جان بىلەن،
كاسە لىسى ياخشىلارنى دايىما ئەيلە لەئاق.
رەنجۇ مېھنەتنى چىكىپ نەفسىڭغە بەرگىلكىم ئەدەب،
داغ سۇ بىرلە ئارپا نان بەر، بەرمەگىل ھەرگىز مەزاق.

دەۋلەتىڭنىڭ باردا ئەيلە مۇرۇۋۋەت خەلقغە،
گەر مۇرۇۋۋەت قىلماساڭ ھەر ئىشغە قىلماغىل چاتاق.
ئەھلى تەجرىد دۇنيانىڭ ئەشغالنى تەرك ئەيلەدى،
ماسىۋانىڭ قۇللىغىدىن نەفسنى قىلدى ئاتاق.
ئەي نىزامىي، ئەيب سەندە كۆپ ئىمىش، بىلگىل مۇنى،
شۇنچە ئەيب ئۇزرە تۇرۇپ خەلق ئەيبىنى قىلما فەراق.

11

تەۋازۇئكۇي بولۇپ نىكۇ بەدغە بولكى خالىق،
زەبانى بەد بىلە خەلقنىڭ دىلىنى قىلما خارىق.
جايىڭنىڭ راھەتى ئۈچۈن دائىما مەدارا قىل،
جەھانغە قەۋلۇ فىئىلىڭ دەۋام قىلكى سىلىق.
شىجائەت بىرلە سەخا ئەيلەگىل غەرىبلەرغە،
قەبۇلى ئاما بولۇر بولسا كىشىغە ياخشى قىلىق.
ئەزىزلەر سۆھبەتىغە دائىم تەشنەتەر ئولغىل،
چۇنانچى سۇ بىلەدۇركىم ھەياتى جىنسى بالىق.
قەدەمنى راھى ئىبادەتغە سەئيى ئىلەن قويغىل،
ھۇرۇنلىق قىلما ئىبادەتدە يۇرمە ھەمچۇ مەدىق.
تەرىقەت يولىغا كىرسەڭ ساڭا رەفىق لازىم،
كەلامى قەۋلدە سادىق كىشىنى تۇتكى سىدىق.
كىشىكى زىكرۇ تائەتغە جىددۇ جەھد ئەيلەر،
دىلىغا بولدى خۇدا فەيزىدىن نۇزۇلى تاتىق.
مەجالىسىكى ئانىڭدا ئىبادەت ئەيلەركىم،
مەلەك گۇرۇھىغا بۇيى خوشدىن ئولدى لاھىق.
دۇئا قىلۇركى مەلايىك، خۇدايا، رەھمەت قىل،
بۇ مەجلىس ئەھلىنىكىم رەھمەتىڭغە ئەيلە غەرىق.
قىلىپ شىكايەت ئىلە مەجلىسدە ئولتۇرسا،
سەماغا ئۆرلەگۇسى مەجلىسدىن بۇيى ساسىق.
فەرىشتەلەر دېيۇشۇر بۇيى مەجلىسى فەساق،
خۇدايا، قادىرۇ دانا، جەزاسىن ئەيلە ھەقىق.
كەرەم قىلىپكى، ئىلاھا، جەمىئ بەندەڭغە،
ئىنايەتىڭ بىلە كۆرسەت سىيرەتى ئەھلى تەرىق.
نىزامىي، لۇتفى خۇدادىن دەۋام ئۇمىد تۇتغىل،
ئەجەب ئەرمەسكى سېنى ئەھلى دىلغە قىلسا رەفىق.

12

مەستى ئەلەست ئولۇر ئىمىش ئىچتى كىشى شەرابى ئىشق،

قالۇ بەلا دېگەن كۇنى يەتتى ئاڭا خىتابى ئىشق.
ئالەمى رۇھدا رۇھلارى مەستى جەمالى زات ئولۇپ،
نەئرەئى قۇل كەفا بىلە بولدى كىتابى ئىشق.
كەۋنى فەسادى دۇنيادا راھەتى تەننى ئىزلەمەي،
دەشتۇ كۇھىدا يۇرۇپ ئاچتى يۇزىغە بابى ئىشق.
شەۋقى ۋىسالى يار ئۇچۇن شەمئ كەبى كۆيۇپ ئۆزىن،
نۇرى ھىدايەت بىلەن كۆرسەتۇبان سەۋابى ئىشق.
جانۇ دىلىن فىدا قىلۇر ئىشق يولىدا دائىما،
مەنسۇردەككىم دارىغا تارتار جەنابى ئىشق.
بىخەبەرانى ئىشقدىن راھەتى جاننى ئىستەبان،
يۇرگۇسىدۇر بۇ دۇنيادا ئاڭلاماغان ئېتابى ئىشق.
لەززەتى ئىشق بىلمەگەن ئىزلەمەگەي ۋىسالنى،
دۇنيانى ئىزلەمەگەن كىشى بولمادى كىم خارابى ئىشق.
تاپسا كىشىكىم زەررەچە ئىشق پىرىدىن خەبەر،
كۆرمەدى ئول بۇ دۇنيادا كۆرمەدى كىم ھۇبابى ئىشق.
ئىشق سۆزىن، نىزامىيا، مۇمكىن ئەرمەسكى قىلماغىڭ،
كاشكى بولساڭ ئېدى مۇنچە يۇرمەپ تۇرابى ئىشق.

13

قىلۇر مەردى ھەق سەير گۇلزارى ئىشق،
بولۇر دائىما زار دىلدارى ئىشق.
بىنايى ۋۇجۇد ئەيلەمەكلىك كېرەك،
يېتەر شول زەمان سۇيى بازارى ئىشق.
فىدا قىلدى باشىنى مەنسۇرى ھەق،
ئەنەلھەق دېبان كۆردىكىم دارى ئىشق.
ئىبا قىلدى تاغۇ سەماۋاتۇ ئەرز،
كۆتەرمەكدە ئەرزۇ كۆتەرمەكدە ئىشق.
ئۇشول دەمكى تۇرىدا مۇسا نەبىي،
ئۆزىنى ئۇنۇتتى كۆرۇپ نارى ئىشق.
ھەمان يىغلاتۇركىم نەسىمى سەھەر،
كەتۇرسە دىماغىغا بۇي يارى ئىشق.
كىشىنىڭ دىلىكىم قىلالماس ھەۋەس،
ئەگەر باغلاسا كۆڭلىنى تارى ئىشق.
كېچەر ئەھلى بىرلەنكى ئەۋلاددىن،
ئېتەر بولسا ئول شەخسكىم كارى ئىشق.
نىزامىي، تەلەب قىلكى شەيخى زەمان،
كى شايەد نەزەر سالسا بۇ زارى ئىشق.

14

نەزەر سالسا ھەر كىمغە مەردانى ئىشق،
خەزەف بولسا ئەيلەركى دۇردانى ئىشق.
ئاچىلغاي يۇزى مىسلى گۇل ـ غونچەدىك،
كۆرەر بولسا ئول دەمكى خەندانى ئىشق.
تەكۇ پۇ ئۇرۇپ ئاھۇ ۋەيلا ئېتەر،
قىيا باقسا ئول دەمكى ۋىلدانى ئىشق.
بەلالارغا سەبر ئەيلەبان خۇش ئولۇپ،
كىشىكىم تاپار بولسا شادانى ئىشق.
مۇھەببەت مەيىدىن ئىچەر بولسا كىم،
بولۇر ھەر كىشى ئەھلى رىندانى ئىشق.
تەجەررۇد ئولۇپ كەچسە دۇنياسىدىن،
قىلۇر ئول زەمانىيكى سەردانى ئىشق.
شىكايەت قىلۇر بولسا ئىشق رەنجىنى،
ئاڭا نام قويارلاركى نادانى ئىشق.
غەرىبدۇر كىشىكى خەلايىق ئارا،
بەناگاھ كۆرەر بولسا بۇلدانى ئىشق.
نىزامىينى لۇتفۇڭ بىلەن، ئەي كەرىم،
دىلۇ جاننى ئەيلە قەندانى ئىشق.

15

قان يىغلاغۇسى ئاشىق كۆرگەنىدە نازى ئىشق،
ئۈمىدنى قىلۇر ئول دەم بىلگەندە نىيازى ئىشق.
رەقس ئىلە سەما ئەيلەر ھەر كوچەۋۇ ھەر بازار،
بىخود بولۇبان يىغلار قىلغانىدا سازى ئىشق.
گۈلدەك ئاچىلۇر بۇيى لۇتف ئىلە خىتاب قىلسا،
نىسيانى ۋۇجۇد قىلغاي قىلغانىدا بازى ئىشق.
جانۇ دىلىنى ئاشىق بەرگەيكى ئۇشۇل ۋەقتدە،
ئىشق تۇررى ھەۋاسىدىن كەلگەنىدە يازى ئىشق.
مەھزىنەئى ئەسراركىم ئۇرۇلسا دىلى ئاشىق،
كەلمەسكى تىلى سۆزگە ئۇقغانىدا رازى ئىشق.
ئاگاھ ئولۇبان تۇرغىل غەفلەت بىلە ئولتۇرما،
شايەد قىلدى كۆڭۈللەرنى ئۇچقانىدا بازى ئىشق.
بىلگىلكى نىزامىددىن ئىشقىنىڭ مەيدىن تويماس،
ئول ئاشىقى بىچارە ئولغانىدا ئازى ئىشق.

16

ئۆزلەتنى قىلۇر ئاشىق كىرگەنىدە غارى ئىشق،
ۋەھشەتنى قەبۇل ئەيلەر تاپقانىدە يارى ئىشق.
تەرك ئەيلەدى دۇنيانى ھىچ ئىشقا كۆڭۈل بەرمەي،
جان دىل بىلە ئەيلەركىم قىلغانىدە كارى ئىشق.
ئەرز قىلدى ئەمانەتنى تاغ يەر بىلە ئاسمانغا،
ئىنسانكى زۇلم ئولدى ھەملانىدە بارى ئىشق.
تۇر تاغىدا نۇرى ئىشق مۇساغا كۆرۈندىكىم،
بىخود بولۇبان ئۆزدىن كۆرگەنىدە نارى ئىشق.
كەچتىكى ئەيالدىن ھەيران بولۇبان ئول دەم،
تاپتىكى يەدى بەيزا ئالغانىدە مارى ئىشق.
مەنسۇر ئەنەلھەق دەپ بىخود بولۇبان يۇردى،
باشىنى فىدا قىلدى يەتكەنىدە دارى ئىشق.
ئول بۇلبۇلى بىچارە گۈل ئىشقىدا زار يىغلاپ،
جانۇ دىلىدىن كەچتى بولغانىدە زارى ئىشق.
سەبر ئەيلەگۈسى ئاشىق ھەر قىسم بەلا كەلسە،
تەن ـ جانىغە سىخ ئەيلەر بىلگەنىدە خارى ئىشق.
ئەي ئاسىي نىزامىددىن، ئىشق دەردى ئەجەب دەرددۇر،
ئاشىق دىلىنى چىرمار ئەترافىدە تارى ئىشق.

17

نەدامەت ئەيلەبان ھەسرەت قىلىپ قىلغىل ياقاڭنى چاك،
مېنىڭ ھالىم نېچۈك ئۇلۇر دېبان باشىڭغا ساچغىل خاك.
شەبابىڭ كەتكەنىغە بىھۇدە ھەردەم قىلىپ ئەفسۇس،
مۇنىڭدىن سۇڭرە ئۆتكەن ئىشلارىڭغا ئەيلە ئىستىدراك.
گۇناھدىن تەۋبە ئەيلەپ خەيرۇ تائەتغە مۇقىم بولغىل،
سەھەرلەر زىكر بىرلەن قەسۋەتى قالبىڭنى قىلغىل پاك.
رىيازەت بىرلە بولغىل نەفسىڭە تەئدىب بېرىبانكىم،
نەمازۇ رۇزە بىرلە نەفسى بەدنى ئەيلەگىل ئىھلاك.
ئۆزۈڭنىڭ قۇدرەتى يەتمەس ھەۋايى نەفسنى يوق قىلماق،
بولۇبان شەيخى كامىل سۇھبەتىدە قىلكى ئىستىھلاك.
شىجائەت ئەيلەگىل (ھەۋاۋۇ) نەفسىنىڭ ھەربىغە دايىم،
خۇدايىم يارى بەرسە نەفسى شەيتاندىن ساڭا نېباك.
رىزايى ھەق ئۈچۈن سەرف ئەيلەگىلكىم مالۇ جانىڭنى،
بەقايى جاۋىدانىي تاپتى ھەركىم كەچتى بۇ ئەملاك.
كىشىكىم فانى دۇنيادا بېخىللىك ئەيلەبان يۇرسە،
يىلان بىرلە چايانلارنىڭ جەزاسىن تارتقۇسى مەلاك.
نىزامىي، تەۋبە ئەيلەپ دەرگاھىدا زار ئېتىپ يىغلا،
تەئەددۇب ئەيلەبانكىم ياخشىلارغا قىلماغىل ھەم تاك.

18

ياخشىلارنى دوست تۇتارغا بەخت ئىلە ئىقبال كېرەك،
ئەھلى ئىلمنىڭ لايىقىدا ئىززەتۇ ئەفزال كېرەك.
مەخزەنى ئەسرار بولسا ھالىنى پىنھان قىلۇر،
بىخەبەر بولغان كىشىغە بىلكى قىلۇ قال كېرەك.
شەرئ ئەقۋالىن دېبان قىلدى رەسۇل بىزغە خەبەر،
كى شەرىئەت بىرلە بىزغە دائىما ئەقۋال كېرەك.
ھەم تەرىقەتنى مېنىڭ فىئلىم دېبان قىلدى بەيان،
كى تەرىقەت لايىقىدا بىزغە خۇش ئەفئال كېرەك.
ئايدى پەيەمبەر ھەقىقەت بىل مېنىڭ ھالىم ئېرۇر،
ئەھلى دىللارغا ھەقىقەت بىرلە خۇش ئەھۋال كېرەك.
كىم تەرىقەت يولىدا تاپسا شەرىئەتدىن چەراغ،
شەرئ بىرلەن، ئەي بەرادەر، بىزغە خۇش مەنۋال كېرەك.
قويماسا ھەركىم قەدەمنى شەرئىنىڭ ھۆكمى بىلەن،
رۇزى مەھشەردە خۇدانىڭ قەھرىدىن ئەنگال كېرەك.

ئۆمرىنى ئۆتكەزمەيىن قىلغىل ئەمەلنى دائىما،
بەندەسىغە نەزدى ھەقدىن ھەر زەمان ئەئمال كېرەك.
ئەي نىزامىي، كېچە ـ كۈندۈز ياخشى ئىشنى ئەيلەگىل،
خەۋفى مەھشەردىن ساڭا ھەق زىكرىدە ئىشغال كېرەك.

19

فەزلۇ ھۈنەرنىڭ لايىق بىرلە كەلام كېرەك،
تائەتۇ ئىبادەت لايىق بىرلەن قىيام كېرەك.
ھەر كىمنى كۆرسەڭ ئىززەتۇ ھۆرمەت ئەيلەبان،
خۇش ۋەقت بىرلە ئاڭا كەلامۇ سەلام كېرەك.
كىرگىل تەرىقەت يولىغا دامانى پىر تۇتۇپ،
قىلسا جەمائەت بىرلە نەمازغە ئىمام كېرەك.
بىھۇدە يۈرمە تائەتۇ ھەيرەت ئەيلەگىل،
مەھشەر كۈنىدە ساڭا سەلاتۇ سىيام كېرەك.
ئاشىق مۇرادى دىلبەرۇ ۋائىزغە سامىئان،
ھاجى زىيارەت قىلماققا بەيتۇل ـ ھەرام كېرەك.
كىمنىڭ دىلىكى ئىشقى خۇدادىن بولۇر سەفا،
ئىككى جەھاندا رۇئيەتى رەببۇل ـ ئەنام كېرەك.
ھەر كىم شەرىئەت ھۆكمىنى تۇتماي ئىناد قىلۇر،
دۇزاخ ئىچىدە ئاڭا مۇدام ئىنتىقام كېرەك.
ئىككى جەھاندا ھافىزۇ ناسىرى خۇدا ئېرۇر،
ئاگاھ بولۇرغا بەندەغە ئول لايەنام كېرەك.
ئاڭلا نىزامىي، ئەمرى خۇدانى جانىڭ بىلەن،
ھەر كىمغە شەرئ ھۆكمى بىلەن ئىلتىزام كېرەك.

20

ئاشىقلارىغا ئىشق ئىلە رەنجۇ ئەلەم كېرەك،
دۇنيادا ياخشى بەندە(گە) غەمۇ نەدەم كېرەك.
ئەھلى جەھاننىڭ لايىقى بىرلەن مۇرادى بار،
كى پادىشانىڭ لايىقى بىرلەن ھەشەم كېرەك.
ھاجىلارىكى ئەھلى ئەيال مىھرىدىن كىچىپ،
دەشتۇ سەھراۋۇ بەيابان قەتئ ئېتىبان ھەرەم كېرەك.

.....................................

ئەھلى فەنانىڭ سەيرىغە باغى ئىرەم كېرەك.
ئەيلەر مۇئەززىن بانگى نەمازنى مىنارەدە،
بىگانەلەرغە دەير ئىچىدە سەنەم كېرەك.

ئۇزلەت قىلىبان ئەھلى فەنا ئەيلەگەي سۈكۈت،
كىم بىخەبەردۇر بىل ئاڭا تەبلى ئەلەم كېرەك.
ئىنسۇ مەلەكنى جىن بىلە خەلق ئەيلەدى خۇدا،
ھەر سىنىف لايىقىدا ئەخاسسۇ ئەئلەم كېرەك.
خەلق ئەيلەدىكى بەئزىنى باھۇش يار قىلىپ،
كى بەئزىلەرنىڭ لايىقىدا ئەئماۋۇ ئەسەم كېرەك.
بەئزى غەرىب، بەئزى غەنى، بەئزىدۇر گەداي،
قىلدى بۇلارنىڭ ئۈستىغە ئەھلى ھەكەم كېرەك.
بەردى كىتابى شەرئىنى ئەدل ئەيلەمەك ئۈچۈن،
ئەمر ئەيلەدىكى بەئزىغە قىلماق سىتەم كېرەك.
ئەۋباشلارنىڭ لايىقىدا ئەيلەدى مەكان،
ئابىدلارنىڭ لايىقىدا سۈبھەدەم كېرەك.
كىرسە تەرىقەت يولىغا ھەركىم ئاڭا لۇزۇم،
شەرئى تەرىقەت لايىقى ئاڭا قەدەم كېرەك.
قويغىل، نىزامىي، شەرئ بىلەن دايىما قەدەم،
شافىئ بولۇرغا خاجەئى خەيرۇل ـ ئەنام كېرەك.

21

شەبئى زۇلمەتنى دەفئ قىلۇرغا چەراغ كېرەك،
ئاقىل نەسىھەت ئەيلەسە ئاڭا قۇلاغ كېرەك.
تائەت ـ ئىبادەت ئەيلەگىلۇ قىلماغىل رىيا،
قىلساڭ رىيانى، ھەشرىدە ساڭا سوراغ كېرەك.
سەننائلارنىڭ لايىقىدا ئالەتى بولۇر،
كى پەھلەۋاننىڭ لايىقى بىرلەن ياراغ كېرەك.
ئەھلى ۋەفانىڭ سايەسىدە ئەيلەگىل مەكان،
سەھراۋۇ دەشتىدە يۇرگۇچىلەرغە ئوتاغ كېرەك.
ھەر ئىشنىڭ ئەۋۋەلىدە سەبەب ئەيلەگىل مۇدام،
سەلنىڭ باشىغا ئەۋۋەلىدە مەھكەم تۇراغ كېرەك.
بۇستان ئىچىدە فاختە ئىلە ئەندەلىب بولۇر،
دەشتۇ بەيابان لايىقى زاغۇ كەلاغ كېرەك.
ئاشىقلارىغە دەردۇ ئەلەم بىرلە ئاھلار،
نادانغا كۇلكۇ لەھۋۇ لۇئىبدىن فەراغ كېرەك.
دەۋلەتى ھەياتنىڭ قەدرىنى بىلمەي ئۆتەر كىشى،
قولدىن كېتەركى سۈڭرا ئاڭا داغۇ داغ كېرەك.
ئاقىللارىغا سۆز بىلە قىلماق نەسىھەتى،

ئەھلى فەسادنىڭ لايىقى بىرلە تاياغ كېرەك.
ئالەمغە ۋەئزۇ نەسىھەتنى ئەيلەمەك،
تەۋفىقى خۇدادىن ئەھلى ۋەفاغە بەلاغ كېرەك.
قىلغىل مۇھەببەت ئەھلى ۋەفاغا، نىزامىيا،
ھەركىم ئۇمىدنى قىلسا بۇلارغا ئىناغ كېرەك.

22

ئەھلى ۋەفانىڭ سۇھبەتىدە بىخىلاف كېرەك،
ئەۋباشلارنىڭ مەجلىسىدە ئىختىلاف كېرەك.
دەستىدە بولسا ھەر كىشىنىڭ مالى دۇنيايى،
ئەھلى جەھاننىڭ مەھفىلىدە ئاڭا لاف كېرەك.
بەردى چىبىنغە قەندۇ ھۇمالارغا ئۇستىخان،
سىمۇرغ لايىقىدا مەقامى كۇھى قاف كېرەك.
قەللابلاركى ئۇشبۇ جەھاندا قىلۇر ھەۋا،
مەھشەر كۇنىدە ھەق قاشىدا سىينەئى ساف كېرەك.
قىلدى ئەدەمدىن ئۇشبۇ جەھاننى خۇدا ئۆزى،
پەيدا قىلۇرغا ئەمرى ئىلە نۇنۇ قاف كېرەك.
ئايىنەئى دىلكى نۇرى خۇدانى قەبۇل قىلۇر،
كى زىكرى ھەقنىڭ نۇرى بىلە ئىنكىشاف كېرەك.
بەرگىل، نىزامىي، زىكر بىلەن سەيقەلى كۆڭۇل،
ئىشق مۇھەببەت نۇرى بىلە ئىتتىساف كېرەك.

23

مەستانەلەرغە پىرى مۇغاندىن شەراب كېرەك،
رىندانەلەرغە ھەشرىدە بولماس جەۋاب كېرەك.
ئابىدلەرىگە قەدرى ئىبادەتنى ھەر زەمان،
مەھشەر كۇنىدە ئەھلى ئەمەلغە سەۋاب كېرەك.
ۋائىزغە مىنبەر، ھاجىغەدۇر ھەرەم،
ئالىم بەيان قىلۇرغا ھەمىشە كىتاب كېرەك.
ھۇسنۇ لەتافەت ئىچرە ئەگەر بولسا بىبەدەل،
زىبا بولۇشقا جەمالىغا ھەردەم نىقاب كېرەك.
قىلساڭ ئەمەلنى شەرئ بىلەن قىلكى ھەر زەمان،
ئاگاھ ئولكى ھەشرىدە ھەققە ھىساب كېرەك.
ۋەقتىڭنى بىل غەنىيمەتۇ بىھۇدە يۈرمەگىل،
تائەتۇ ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن بىل شىتاب كېرەك.

كەلسە ھەۋادىن بەئزى ئەلامەت بولۇر ساڭا،
باران كېلەرغە فەۋقى سەمادا سەھاب كېرەك.
زىكرى خۇدادىن بولغۇسى دىل دائىما زىيا،
رەۋشەن قىلۇرغا ئۇشبۇ جەھان ئافتاب كېرەك.
قىلغىل، نىزامىي، لۇتفى خۇدادىن مۇدام رىجا،
دەرگاھى ھەقدىن فەيز تاپارغا ئىياب كېرەك.

24

ئالىمنى تاپساڭ مەسئەلەدىن ئىلتىماس كېرەك،
قىلسا بەيان مەسئەلەنى ئىقتىباس كېرەك.
ھەركىم دىلىنى زىكر بىلەن ساف ئەيلەسە،
بولسا مۇنەۋۋەر سۆڭرا ئاڭا ئىفتىراس كېرەك.
ئەھلى ۋەفالار تاشلاپ ئېتەر نەنگۇ ئارنى،
ئەھلى جەھان زىينەتىغە خۇش لىباس كېرەك.
ئاقىل ئېسەڭكى، ئىبرەت ئالىپ، ئەيلەگىل ئەمەل،
ئەھلى ئىنادنىڭ ھالىغا، بىلگىل، قىياس كېرەك.
قىلغىل تەۋەززۇئ ئەھلى ۋەفالارنى، ئەي جەۋان،
چەشمىڭغە خاكى پاينى ھەردەم مەساس كېرەك.
دەئۋا قىلۇركى ھەر كىشى لازىم گۇۋاھ ئاڭا،
سەرۋەر بولۇرغا ھەق يولىدا سەشەھشىناس كېرەك.
تۇتغىل، نىزامىي، سۈننەتى ئەھمەدنى جان بىلەن،
قىلماق شەفائەت ئاسىيغە ئول فەخرى ناس كېرەك.

25

شەبى زۇلمەتنى دەفئ قىلۇرغا قۇياش كېرەك،
زەنگەرى دىلنى ئايىنە ئەيلەرغە ياش كېرەك.
بىراھبەر بۇ يولنى تاپالماسكى ھەر كىشى،
قۇللارنى ئىشقا بۇيۇرماققا خاجەتاش كېرەك.
بىھۇدە يۈرمە دۇنيادا تاپغىلكى سەن پەناھ،
سالىكغە دائىم غاۋسۇ جەھانغا تۇتاش كېرەك.
تەنھا بۇ يولغا كىرمەگىلۇ تاپكى قائىدى،
كى مەملەكەت نىزامىغە بىر ياخشى باش كېرەك.
نائەھلىلەردىن كەلسە جەفا سەبىر ئەيلەگىل،
رام ئەيلەمەكغە ئەھلى جەھان ياۋاش كېرەك.
دەفئ ئەيلەگىلكى ھەر ئىشنى قەبلە ئەزان ۋۇقۇئ،
سەيلنىڭ باشىنى سۇدىن ئۇلكىم توراش كېرەك.

قىلما نىزامىي ھەرچە ئەمەلنى ئۆزۈڭچە سەن،
كىبرۇ ھەۋانى تاشلاپۇ ئەلدىن ھۇ تاش كېرەك.

26

نەزمى ھېكمەتنى تىزارغا جەۋھەرى ئەلفاز كېرەك،
كى فەساھەتنىڭ سۆزىغە زىيۋەرى ئەلفاز كېرەك.
جۇملە مەينىڭ لايىقىدا شىشە بىرلەن جاملار،
شەربەتى ھىكمەتغە لايىق ساغەرى ئەلفاز كېرەك.
زۇلمەتى دىلنىڭ ئىچىدە دۇررى ھېكمەت بار ئېمىش،
دۇررى ھېكمەتنى كۆرەرغە ئەنۋەرى ئەلفاز كېرەك.
غايىبانە ھۇببۇ بۇغز مەئلۇم قىلۇر قىلغان سۆزى،
دىل دىماغىغە يېتەرغە ئەنبەرى ئەلفاز كېرەك.
نۇقتەئى خەتنىڭ ئىچىدە دۇررى مەئنى بار ئېمىش،
كى خەبەر ئەيلەرغە بىل ئىسكەندەرى ئەلفاز كېرەك.
بولسا دانا ھەر كىشى سامىئغە لايىق سۆز قىلۇر،
ئەھلى دىلنى مەست قىلۇرغا كەۋسەرى ئەلفاز كېرەك.
ئەي نىزامىي، ياخشىلارنىڭ سۇھبەتىنى تاشلاما،
كى زەبانى دىلغە لايىق شەككەرى ئەلفاز كېرەك.

27

توختاماي قىلماق بەيانغا سۇرئەتى ئەلفاز كېرەك،
سۆزنى جايىغا تىزارغا سەنئەتى ئەلفاز كېرەك.
ئەھلى مەئنىنىڭ ئاراسىدا سۇخەن قىلسا بەيان،
كى ئەفازىللارغا لايىق رىفئەتى ئەلفاز كېرەك.
پادىشاھلارغا سۇخەننى ۋەقتىدە قىلسا بەيان،
ئىلتىفات تاپسا ئۇلاردىن خىلئەتى ئەلفاز كېرەك.
ئەھلى ئىلمنىڭ مەجلىسىدە ئول كىشى بافەھمدۇر،
كى ئاڭا فىكر ئەيلەمەكغە ھېكمەتى ئەلفاز كېرەك.
ئاڭلاغانلارنىڭ دىلىنى شول زەمان رەۋشەن قىلۇر،
كى مۇنەۋۋەر ئەيلەمەكغە لەمئەتى ئەلفاز كېرەك.
بىخەبەر بولسا كىشىلەر مەئنىسىدىن ھەر زەمان،
كى بۇلارنىڭ لايىقىدا سۇرەتى ئەلفاز كېرەك.
ئەي نىزامىي، زىكرى ھەقنى دائىما ۋىرد ئەيلەگىل،
يادى ھەقنى ئەيلەگەنغە رەھمەتى ئەلفاز كېرەك.

28

فەزلۇ ھۇنەرنىڭ لايىقى بىرلەن ئەدۇۋ كېرەك،
قىلسا ھەسەدنى ھەر كىشى ئاڭا غۇلۇۋ كېرەك.
ئۇزلەت قىلىبان ئەھلى فەنا تاپتىلار ئامان،
مەغرۇر بولسا ھەر كىشى ئاڭا ئۇلۇۋ كېرەك.
ھەر كىم دىلىدا بولسا ھەۋايۇ ھەۋەس مۇدام،
دائىم جەھاننىڭ دەۋلەتىدىن ئارزۇ كېرەك.
بولسا كىشىغە فەزلۇ ھۇنەر ناز ئەيلەسۇن،
ئاشىق بولۇرغا ھەر كىشىغە ماھرۇ كېرەك.
بىزار بولۇركى ھەر كىشىدە بولسا خۇيى بەد،
مەقبۇل بولۇشقا ھەر كىشىغە نىكخۇ كېرەك.
سالىكلەرىگە قىلسا رىيازەت بەسىدقى دىل،
يادى خۇدادا ۋەقتى سەھەر زىكرى ھۇ كېرەك.
سالماس نەزەرنى زىينەتى دۇنياغە ئەھلى دىل،
بىمەئنىلەرنىڭ زىينەتىغە رەنگۇ بۇ كېرەك.
ئەيلەپ رىيازەت ھەر كىشىكىم تاپسا بۇيى ھەق،
كىم بارسا سۇھبەتىغە ئاڭا فەيزى ھۇ كېرەك.
بىلمەس، نىزامىي، ئەھلى جەھان ئىشق قەدرىنى،
ئىشق قەدرىنى بىلۇرغە، بىلىڭ، ئىشقجۇ كېرەك.

29

سۇھبەت قىلۇرغا ھەر كىمە خەيرۇل ـ مەلا كېرەك،
بولسا يامانىنىڭ نەزدىدە ئاڭا بەلا كېرەك.
مىرئاتى دىلنى ئەيلە سەفا زىكر ئەيلەبان،
سەيقەل قىلىبان ئايىنەغە جىلا كېرەك.
تائەت ـ ئىبادەت بەندەغە ھەق ئەمر ئەيلەدى،
ئاسىي مۇتىئغە شەرئ بىلەن ئىبتىلا كېرەك.
ئاجىز كىشىنىڭ لايىقىدۇر ئىئتىكاف نىيەت،
مەردانلارنىڭ سەيرىغە، بىلكىم، ۋالا كېرەك.
باشىنى تارتسا نەفسۇ ھەۋا ئەيلەبان غۇلۇۋ،
قەتئ ئەيلەمەكغە زەرب بىلەن تىغى لا كېرەك.
تا پۇختە بولماي ھەر كىشى دەئۋانى قىلماسۇن،
مەنزۇر بولۇرغا، بىلكى، تەئامغا سۇلا كېرەك.
بىلگىل نىزامىي، ئەھلى جەھان بىۋەفا ئېرۇر،
قىلساڭ ۋەفانى ساڭا ھەمىشە قۇلا كېرەك.

30

پىشۋالىق ئەيلەمەكغە دائىما سەرۋەر كېرەك،
كى ھىدايەت ئەيلەمەكغە ھەر زەمان رەھبەر كېرەك.
ھاجىلار ئىزلەر ھەرەمنى، زاھىدان خىلۋەتدەدۇر،
دەيردە بىگانەلەردۇر ۋەئزغە مىنبەر كېرەك.
ھەر مەكاننىڭ لايىقىدا بار ئېمىش ئەشخاسلار،
ئەغنىيالارغا بازارۇ ئاشىققا دىلبەر كېرەك.
نارى ئىشق ھەر كىمغە تۇشسە نەفسۇ ھەۋانى يوق قىلۇر،
خەمرى ئىشقدىن مەست بولۇرغا مەي بىلەن ساغەر كېرەك.
ھەر كىشى دۇنيادا بولسا شەۋقى ھەقدىن تەشنەتەر،
ھەشرىدە ئەۋۋەل ئانىڭغا ھەۋزدىن كەۋسەر كېرەك.
كىمكى ئىشقدىن باخەبەر بولسا بولۇر رىندانى مەست،
بىخەبەرلەرغە كۇلاھى خۇبزەدىن زىۋەر كېرەك.
ھەر نەبىغە بەردى ئەللاھ مۇئجىزاتى باھىرە،
دەستى مۇسادا ئەسانىڭ بولماقى ئەجدەر كېرەك.
كىرسە كىم ھەقنىڭ يولىغا رەھبەرنى ئىزلەسۇن،
زۇلمەتى ئابى ھەياتغا خىزرۇ ئىسكەندەر كېرەك.
ھەر ھۇنەرنىڭ لايىقىدا بار ئېمىش ئەسبابلار،
سىدقىغە شاھىد بولۇرغا خەت بىلەن دەفتەر كېرەك.
دىلدا بولسا ئىشقى ھەق قان ياشىنى ئەيلەر رەۋان،
بەھرى پۇر ئەمۋاج بولسا تەھتىدە گەۋھەر كېرەك.
ئەي نىزامى، ھەر ھۇنەرنىڭ لايىقىدا فەزل بار،
تۇتىئى شىرىن سۇخەننىڭ ئاغزىدا شەككەر كېرەك.

31

مەنزۇر بولۇشقا ھەر كىمە فەزلۇ ھۇنەر كېرەك،
كى سايەدار بولماقا ئالى شەجەر كېرەك.
ئەھلى جەھانغا ئول كىشى پۇرمەنفەئەت بولۇر،
بابى ۋۇجۇدغا ئىلمۇ ئەمەلدىن سەمەر كېرەك.
خەلقى جەھان ئاراسىدا بار مەردى كامىلى،
بەينەننۇجۇم نۇر بىرەرغە قەمەر كېرەك.
بولغاي جەھاننىڭ ئەھلىغەكى كەررۇ فەر،
كى پادشاھنىڭ لايىقى تاجۇ كەمەر كېرەك.
بىگانەلەرنىڭ سۇھبەتىدە گۇفتۇ گۇ بولۇر،
ھەققانىلەرنىڭ چەشمىدە خۇنى جىگەر كېرەك.

قىل ئىئتىماد ئەھلى ۋەفانىڭ كەلامىغا،
ئەھلى گەدانىڭ ۋەئدەسى بىشەك غەدەر كېرەك.
كىمنىڭ دىلىكى مەخزەنى ئەسرارى ھەق بولۇر،
قىلغان سۆزىغە قىيمەتى دۇررۇ گۇھەر كېرەك.
ئەسرارى ھەقنى تاپسا كىشى ئەيلەسۇن نىھان،
بولسا نىھان قەترەئى سەدەفدە دۇرەر كېرەك.
نادانغا فەيزى ئىلمۇ ھۇنەرنى نىھان قىلىپ،
ئۆرگەتمەگىلكى ئەھلى جەھانغا زەرەر كېرەك.
دۇشمەن ئەگەركى كەلسە ساڭا دوست بىلمەگىل،
ھەر چەند خار بولسا ئانىڭدىن ھەزەر كېرەك.
قىلساڭ زامانە ئەھلىغە دۇرلار كەبى سۇخەن،
شىشە سەدەفدەك ئاخىرى ئاڭا ھەدەر كېرەك.
تۇتغىل زەباننى مەھكەم بىھۇدە ئاچماغىل،
سۇرخى زەباندىن ساڭا مەكرى پۇرشەرەر كېرەك.
خامۇش بول، نىزامىي، سۇكۇت ئەيلەبان مۇدام،
بىھۇدە سۆزدىن ئاخىرى دىلغە كەدەر كېرەك.

32

سىمىن بەدەنىنىڭ نازىغە قاشى قەلەم كېرەك،
چىقسا بەناگاھ ناز ئىلە دەردۇ ئەلەم كېرەك.
ئەغيارلارغە ناز بىلەن ئەيلەبان نەزەر،
ئەھبابلارغە قەھرۇ ئىتاب ئىلە غەم كېرەك.
تۇنلەردە ئۇخلامايكى مۇدام ئىشق دەردىدىن،
ھەسرەت نەدامەت ئاھ بىلەن ئەشكى يەم كېرەك.
كىمنىڭ دىلىدا بولسا ئەگەر ئىشق رەنجىشى،
كۆرگەن ھەماندا دىلبەرىنى سۇزۇ دەم كېرەك.
ھەر كىم نەسىھەت ئەيلەسە كىرمەس قۇلاقىغا،
ئەھلى جەھان مەلامەتى ئاڭا ئەسەم كېرەك.
مەئشۇقلارىكى چىقسا بەناگاھ كۆز ئويناتىپ،
ئاشىقلارىنى قەتل قىلۇرغا كەرەم كېرەك.
ئاسى نىزامىي، ئىشق بەيانىنى قىلماغىل،
ھەر كىمكى ئىشق تەگسە ئاڭا مىڭ سىتەم كېرەك.

33

ھەر ئىشنىڭ ئەۋۋەلىدە قىلارغا سەبەب كېرەك،

تاپقاي مۇرادىنى ئاڭا ھەمىشە تەلەب كېرەك.
تارتماي رىيازەت ھەر كىشى راھەتغە يەتمەگەي،
گەنجنى تاپارغە ھەر كىمە رەنجۇ تەئەب كېرەك.
ئەنسابلارىكى خەلقى جەھاننىڭ ئاراسىدا،
بەئزى ھۇنۇد، بەئزى ئەجەم ھەم ئەرەب كېرەك.
ئاقىللارىكى دۇنيادا غەمكىن بولۇپ يۈرەر،
ئەھلى زەمانغا خەندە ئىلە لەھۋۇ تەرەب كېرەك.
دانالارىنىڭ سۆھبەتىنى تاپسا ھەر كىشى،
مەنزۇر بولۇشقا خىزمەتىدە بائەدەب كېرەك.
مەغرۇر ئولسا ھەر كىشى بىلمەگەي ھەياتنى،
قەدرىنى بىلمەگەنغە ھەمىشە ئەجەب كېرەك.
بىھۇدە ئۆتمەگەيكى ئۆمر، ئەي نىزامىيا،
كىم ئۆتكەرەركى ھەسرەت ئىلە خۇشكى لەب كېرەك.

34

يا رەبكى، بېرىپ ئىدراك، ئەيلەكى دىلىم دەرراك،
ئىشقىڭدا قىلىبان چاك، خىزمەتدە بولاي چالاك.
كۆڭلۈمغە زىيا بەرگىل، ھەر ئىشدە ھايا بەرگىل،
تائەتدە نەۋا بەرگىل، شەرئىنى قىلاي ئىمساك.
سىررىڭنى ئەيان قىلغىل، فىكرىڭنى بەيان قىلغىل،
ھەم تەركى جەھان قىلغىل، ئەيلەپكى دىلىمنى چاك.
دۇنيادا بولۇپ ھەيران، دائىم بولۇبان گىريان،
قىلغىلكى دىلىم سۇزان، چەشمىمنى قىلىپ نەمناك.
راھىڭغا ھىدايەت قىل، فەزلىڭنى ئىنايەت قىل،
لۇتفۇڭنى كەرامەت قىل، سەن قىلما مېنى غەمناك.
رەھم ئەيلەكى بىزلەرغە، نۇر بەركى بۇ كۆزلەرغە،
قۇل قىلكى ئەزىزلەرغە، سەن قىلما مېنى بىباك.
سەن ئەيلەمەسەڭ رەھمى، مەندىن كېتەدۇر فەھمى،
كەلگەيكى بەلا سەھمى، باشىمغا ئۇرارمەن خاك.
بەندەڭنى ئۆزۈڭ ساقلا، قەھرىڭ بىلە رەد قىلما،
شەيتان يولىغا قويما، يولدىن چىقارار ئەففاك.
شەۋقىڭنى ئەتا ئەيلەپ، لۇتف ئىلە نەۋا ئەيلەپ،
ھەجرىڭدە ئەدا ئەيلەپ، قىلغىل مېنى سەن سۇللاك.
كۆرگۈز ماڭا يارانى، فەيزىڭ بىلە ئېھسانى،
ئەفۋ ئەيلەكى ئىسيانى، سەن ئەيلە مېنى نەسساك.
بىلگىلكى نىزامىينى، يوقتۇر ئاڭاكىم ھامىي،

دۈشمەن ئاڭا خاس ـ ئامىي، قىل دۈشمەنىنى ھالاك.

35

ئىشقىنىڭ مەيدىن ئىچسە كۆڭلىدە بولۇر خۇشھال،
ھەر چەند بەلا كەلسە بولغايكى رىزا بىلبال.
مۇشفىقۇ مۇھەببەتنىڭ ئەھۋالى فەرشاندۇر،
بىلمەسكى ئۆتۈپ كەتسە ھەجرى بىلە ماھۇ سال.
ئۆز ھالىغا مەشغۇلدۇر پەرۋايى جەھان ئولماس،
فىكر ئىلە بولۇر دائىم بولماس ئاڭا قىلۇ قال.
يولىدا فىدا ئەيلەر ھەر نەرسەنى كىم تاپسا،
جاندىن كىچىبان ھەردەم قەددىنى قىلىبان دال.
يولىدا فەنا بولماس تا كەچمەگۇچە جاندىن،
بىل كۆللى فەنا بولسا تاپقايكى مەقامى ھال.
كىرسەڭكى تەرىقەتغە قىلغىلكى رىيازەتنى،
بىرەنجۇ رىيازەتسىز بولماس كىشى فەررۇخ فال.
ئەھۋالى جەھاندىن سەن ئىبرەت ئالىبان يۈرگىل،
كىم كەلسە بۇ دۇنياغا ئۆتمەيدۇر بەيەك مىنۋال.
دۇنيانىڭ ھەياتىنى لەھۋ ئىلە لەئەب بىلگىل،
دۇنياغا كۆڭۈل بەرگەن بىئەقلىكى چۈن ئەتفال.
ئەي ئاسىي نىزامىددىن، دىل بەرمەكى دۇنياغا،
مانەندى سىيراب بىلگىل قىلغاي ھەمەنى پامال.

36

بولماي فەنا رىيازەت ئىلە تاپماغاي ۋىسال،
تاپماس ۋىسالنى ھەر كىشى بولماسكى ئىنفىئال.
تارتسا رىيازەت شەۋقىنى ھەركىم بەسىدقى دىل،
تاپسا قەبۇلى ھەقنى ئانىڭدىن كېتەر مەلال.
زىكرى خۇدانىڭ نۇرى بىلەن ساف ئولسا دىل،
بەدرى بولۇركى نۇر ئەگەر بولسا چۈن ھىلال.
ھەر كىم ئۆزۈنچە فەزلى كەمالنى تاپالماغاي،
بولماي ئانىڭغا لۇتف ئىلە بىل فەزلى زۇلجەلال.
شەرئى بىلەن تاپاركى مەقامى ۋۇسۇلىنى،
سالىكلارىكى شەرئىنى ئەيلەرگە ئىستىمسال.
ئۆزلەت قىلىپ كېتەركى جەھان ئەھلىدىن قاچىپ،
تۇشسە دىلىغا فەزلى خۇدادىن نۇرى جەمال.
خامۇش بولۇركى ئەھلى جەھانىنىڭ ھۇزۇرىدا،

پىنھان قىلۇر سىررىنىكى تەرك ئەيلەبان مەقال.
ئىنساندىن ئۆزگەسىگە ئەمانەتنى ئەرز قىلىپ،
خەيلى مەلەكغە ئەرزى سەما بىرلە ھەم جەبال.
ئەيلەپ ئىبا كۆتەرمەدى ئاجىز كۆرۈپ ئۆزىن،
يا رەببەنا، كۆتەرمەككە يوقتۇر بىزە مەجال.
ئادەم كۆتەردى ۋەسفىنى ھەق ئەيلەدى بەيان،
ۋەسفى ئانىڭ زۇلۇمۇ جۇھۇل دېدى لايەزال.
فەزلى كەرەمدىن ئۆزرىنى ئول بەيان قىلىپ،
ئەيلەپ خەلىفە بەردى كەرامەت بىلەن خىسال.
ھىفز ئەيلەسە ئەمانەتى ھەقنى كىشى بەسىدق،
بولغاي ئانىڭغا فەزلى خۇدادىن مۇدام نەۋال.
ئاسي نىزامىي، فەزلى خۇدادىن ئۈمىد تۇتۇپ،
يا رەببى نۇرى قەلبى دېبان ئەيلەدى سۇئال.

37

تاپسا رىيازەتدىن كەمال، دىلغە تۈشەر نۇرى جەمال،
ھاسىل بولۇر فەيزى جەلال، تاپقاي جەمالىغا ۋىسال.
بولسا مۇنەۋۋەر نۇرى ھەق، ئالغاي ئەزىزلەردىن سەبەق،
ئاسان بولۇر كارى ئۈشەق، بولماس ئىبادەتدە مەلال.
ھەق زىكرىدىن تاپسا نەۋا، زەنگى دىلى بولغاي سەفا،
قالماس دىلىدە ماسىۋا، كەتكەي كۆڭۈلدىن ھەر خەيال.
بولسا دىلىغا فەتھى باب، قىلغاي ھەمىشە تەركى خاب،
چەشمىندە بولغاي ئەشكى ئاب، قەددىنى قىلغاي ھەمچۇ دال.
شەرئىنى تىڭلار جان بىلەن، خۇش دىل بولۇر كۆرسە زىيان،
بولماس كىشىغە بەدگۇمان، ھەقنى قىلۇر ئول ئىمتىسال.
خامۇش بولۇپ قىلماس سۇخەن، ئىزھار قىلماس فەزلىدىن،
سەرف ئەيلەگەي كىم جانۇ تەن، تەرك ئەيلەبانكىم قىلۇ قال.
ئەيلەپ قانائەت دائىما، ھەر نەرسەغە بولغاي رىزا،
بولماس كۆڭۈلدە ماجەرا، قىلماس تەمەئ بىرلەن سۇئال.
خالىس ئىبادەت ئەيلەبان، بولسا سىرى قىلغاي نىھان،
بىلمەس ئانى ئەھلى جەھان، ئايماس مەگەر خەيرۇل ـ مەقال.
زەنگى دىلىنى قىلسا پاك، بولغاي ھەۋادىن ئىنفىكاك،
سۇڭرا بۇ يولغا ئىنسىلاك، قىلسا بولۇر خەيرۇل ـ مەئال.
بەرمەس بۇ دۇنياغا كۆڭۈل دۇنيادا باردۇر خارى گۇل،
فەرق ئەيلەگەي كىم ئەقلى كۇل پەرھىز قىلىپ كۆرمەس ۋەبال.
خەۋف ئەيلەسە ھەقدىن كىشى، قورقۇپ قىلۇر ئول ھەر ئىشى،

ھەق يولىدا كەتسە باشى، بەرگەي تاپار ھەقدىن نەۋال.
رازى بولۇر كەلسە بەلا، تارتار بۇ يولدا ھەر جەفا،
قويماس دىلىدە ھېچ ھەۋا، قىلغاي نەزەر ئول لايەزال.
بۇ دۇنيانى فانى بىلىپ، ھەق زىكرىنى باقى بىلىپ،
پىرى مۇغان ساقى قىلىپ، بەرسە ئىچەر سافى زۇلال.
ئىچسە بولۇر ئول مەستى ئىشق، مەست ئولسا كۆرگەي نۇرى ئىشق،
سۇكرا بولۇر ئول ھۇرى ئىشق، قالماس دىلىدا ھېچ مەلال.
قىلغىل، نىزامىي، ئارزۇ، قەددىنى قىلغايسەن دۇتۇ،
ھەردەم قىلىبان زىكرى ھۇ، سۇكرە قىلۇرسەن ئىتتىسال.

38

تالىبى سادىق ئېسەڭ دۇنياغا بەرمەگىل كۆڭۈل،
ئاشىقى سادىق ئېسەڭ ئۇقباغا بەرمەگىل كۆڭۈل.
ئەھلى تەجرىد ھۇببى دۇنيا ھۇببى ئۇقبا تەرك ئېتەر،
ماسىۋاغە، سالىكا، ھېچ ۋەقتدە بەرمەگىل كۆڭۈل.
سەبر ئەيلەپ ھەق يولىدا قىل رىيازەتنى تامام،
نەفسۇ ھەۋاغە قىل خىلاف راھەتغە بەرمەگىل كۆڭۈل.
راھەتى تەن ئىستەسەڭ جانىڭغا راھەت ئولماغاي،
تاشلا دۇنيا راھەتىن نەفسىڭغە بەرمەگىل كۆڭۈل.
يەك قەدەمنى بىشەرىئەت قويماغىلكىم ئەي مۇرىد،
بىشەرىئەت ھەر كەرامەت قىلسا بەرمەگىل كۆڭۈل.
سۇفىلىقنىڭ مەئنىسىن بىل ساف قىلماق كۆڭۈل،
كىنەۋۇ ھىقدۇ ھەسەد ئۇجبىغا بەرمەگىل كۆڭۈل.
خۇش تەمەللۇق ئەيلەبان ھەر كىمنى كۆرسەڭ خىزر بىل،
خۇدنەمالىق ئەيلەبان بەلاغا بەرمەگىل كۆڭۈل.
ئەھلى غەيبەت ئەھلى فىتنە بىرلە سۇھبەت قىلماغىل،
ئەھلى ئىشقغە بول غۇلام غەۋغاغا بەرمەگىل كۆڭۈل.
بىۋەۋۇ مىسكىن يەتىملەرغە مۇرۇۋۋەت ئەيلەگىل،
بۇخلۇ مۇمسىكلىك قىلىپ مالىڭغا بەرمەگىل كۆڭۈل.
ئەي نىزامىي، قىل قەنائەت ھىرسى دۇنيا بولماغىل،
بىقەنائەتلىك قىلىپ ھىرسىڭغە بەرمەگىل كۆڭۈل.

39

رەنجۇ مېھنەت چەكمەيىن دىدارىدىن سۆز قىلماغىل،
ھەجر ئوتىدا كۆيمەيىنكىم ياردىن كۆز تۇتماغىل.
كۆپ رىيازەت قىلمايىن يەتمەس كىشى مەقسۇدىغا،
مەقسەدىڭغە يەتمەيىن ئەسرارىدىن دەم ئۇرماغىل.

كېچەلەر بىيدار بولغىل زىكرى ھەقنى ئەيلەبان،
ئاقىل ئېرسەڭ ۋەئدە قىلدىڭ ۋەئدەنى سىندۇرماغىل.
بىشەرىئەت يۇرمەگىل نەفسۇ ھەۋانى كەينىدە،
زىكرى ھەقنى قىلمايىن غەفلەت بىلەن ئولتۇرماغىل.
ئەھلى غەفلەت سۇھبەتىنى تاشلابان كىم بول يىراق،
ئەھلى ھەقنىڭ سۇھبەتىدىن ھېچ ۋەقت ئايرىلماغىل.
يىغلاغىل تەۋبە قىلىبان دائىما......................
بىئەمەل ئۇممىد قىلىپ رەھمەت قىلۇر دەپ تۇرماغىل.
سەئيۇ كۇشىش ئەيلەبان قىلغىل ئەمەلنى سۇبھۇ شام،
قەھرىدىن قورقۇپكى رەھمەتدىن ئۇممىدنى قويماغىل.
ھەرنەكىم قىلسا خۇدانىڭ لۇتفى بىرلەن ئەدلدۇر،
بەندەسىن ئاجىزلىغىڭدىن گۇفتۇ گۇنى تاشلاماغىل.
ئەي نىزامىي، يىغلابان قىلغىل گۇناھغە تەۋبەنى،
نەفسۇ شەيتاننىڭ يولىغا بىر قەدەمنى باسماغىل.

40

مەرد دىلنى تاپماغۇنچە بىلمەگەيكىم سازى دىل،
قەدرى بىلمەس ئادەمىي ھەرگىز كۆتەرمەس نازى دىل.
تارتسا كىم ئۇزلەت قىلىپ ھەردەم رىيازەت شەۋقىنى،
پىرى ئىشق قىلسا تەۋەججۇھ پەرۋاز قىلۇر شەھبازى دىل.
كۆرمەدىكىم بىر رىيازەت ھېچ كىشى دىلدارىنى،
كۆرسە كىم دىلدارنى بىلگەي نە بولغاي بازى دىل.
چۇن ھەۋاسى زاھىرى بىرلە كۆرەلمەس سىررى ئىشق،
جان قۇلاقى بىرلە ئاڭلار خاھلاسا شەھنازى دىل.
ئاھۇ زارى بىرلە قىلغىل زىكرى ھەقنى دائىما،
فەيزى زىكرى ھەقنى تاپسا ئولغۇسى پەرۋازى دىل.
سەيقەلى زىكرى بىلە زەنگەرى دىلنى يوق قىلۇر،
زىكر بىرلەن بولغۇسى ھەركىم قىلۇر پەردازى دىل.
ئەي نىزامىي، زىكرى ھەقكىم جانۇ دىلنىڭ قۇۋۋەتى،
ھەر كىشى زىكرى بىلەن بولغاي نەدۇر ئاۋازى دىل.

41

مىسلى بۇلبۇلدەك بولۇرمۇ ھەر كىشى ئەسرارى گۇل،
كېچەلەردە نالە قىلماي كۆرمەگەي ديدارى گۇل.
كۇللى شەي مەرھۇنە ۋەقت دەپ ئايدىكىم ئول مۇستەفا،
كەلمەسە ۋەقتى بەھار بولماس ئېمىش بازارى گۇل.

لايىقىدا يار تاپىپ بالىدە ئەيلەر ھەر كىشى،
ھېچ شەي بادى سەھەردىك بولماغايكىم يارى گۈل.
قۇدرەتىدىن تەربىيەت ئەيلەپ كەمالغە يەتكۈرۈپ،
سۇنئى بارىدىن بولۇر ھەر ۋەقتىدەكىم ئەنۋارى گۈل.
رەنجۇ مىھنەت چەكمەگۈنچە بولماغاي ھاسىل مۇراد،
سۇھبەتى گۈل قولغا كەلمەس كىرمەگۈنچە خارى گۈل.
كۇفرى نېئمەت قىلسا كىم خار بولغۇسىدۇر ھەر زەمان،
ئېھتىيات قىل شۇكر بىرلە بەرمەگىل ئازارى گۈل.
ئەي نىزامىي، شۇكر قىلغىل نېئمەتىڭ ئەفزۇن ئولۇر،
شۇكر بىرلەن جابەجا بولغاي ساڭاكىم كارى گۈل.

42

بۇلبۇل كەبى مەست ئولسا ئاڭلاركى كەلامى گۈل،
كەلگەيكى سەبا بىرلە ئاشىقغا سەلامى گۈل.
تەجرىدى جەھان ئولسا دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەي،
بولغايكى نىشان ئاندا ئىچسەكى مۇدامى گۈل.
تۈنلەردە تۇرۇپ ئاشىق ئاھ ئىلە فىغان ئەيلەپ،
ئۇمىدى ئۇشۇل ۋەقتدە كەلگەيكى پەيامى گۈل.
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچمەي تەجرىدى جەھان ئولماس،
بىلگىلكى فەنا ئولسا تاپقايكى مەقامى گۈل.
ئاشىق كۆزىدىن ئول دەم قان ياشى تۆكۈلگەيكىم،
بۇستان ئىچىدە كۆرسە ناگاھكى خىرامى گۈل.
دۇنيا بىلە ئۇقبانى ئول ۋەقتدە ئۇنۇتقايكىم،
ھەر كىمغە نەزەر سالسا لۇتف ئىلە كىرامى گۈل.
نەفسى بىلە جەڭ ئەيلەپ ئولساكى شەھىدى ئىشق،
كىرگەيكى ئۇشۇل ۋەقتدە فەزل ئىلە خىيامى گۈل.
بىشەيخى ھۇدا ئولماي تاپماسكى ھەقىقەتنى،
ئەدابى تەرىقەتدۇر بىلگىلكى مەرامى گۈل.
بىلگىلكى، نىزامىدىن، ئىشق دەردى بولۇر ئۆزگە،
ھەر كىمغە يېتەر دەردى ئولماسكى نىيامى گۈل.

43

دىلنىڭ قۇلاغى بىرلەن ئاڭلاركى خىتابى گۈل،
مەجنۇنى جەھان ئولغاي ئىچكەندە شەرابى گۈل.
ئاشىق كۆزىدىن ئول دەم قان ياشى قويۇلغايكىم،
شەبنەم بىلە مەۋج ئۇرسا سۇبھىدە گۇلابى گۈل.

بوستاندا نەۋا ئەيلەر بىر قىسىم دەرەختلەردە،
بۇلبۇل كەبى مۇرغانلار كۆرگەندە سىيابى گۇل.
ئەي ساھىبى دەۋلەتلەر دەۋلەتغە ئىشەنمەڭلەر،
بولغايكى فەنا ئاخىر بۇستاندا مەئابى گۇل.
قەدرىنى بىلىپ يۈرگىل يوق قىلما ھەياتىڭنى،
ئۆمرۈڭ گۇلى ئۆتكەيكىم تىمسالى خەرابى گۇل.
ئابرۇيى بۇ دۇنيانىڭ ئەلبەتتە فەنا بولغاي،
كەتكەندە سەھەر ۋەقتى قالماسكى ھۇبابى گۇل.
ۋەقتىڭنى غەنىيمەت بىل، ئەي ئاسىي نىزامىددىن،
ئۆتكەندە بەھار ۋەقتى بىلگىلكى تۇرابى گۇل.

44

ساف ئەيلەسە كۆڭلىنى كۆرگەيكى جەمالى گۇل،
دىل ئايىنەسىغە كىم تۇشكەيكى كەمالى گۇل.
خىلۋەت بىلە جىلۋەتدە بىزىكرى خۇدا بولما،
بازىكرى خۇدا بولماي تاپماسكى نەۋالى گۇل.
ھەر قىسىم نەباتاتلار ھايۋانۇ جەماداتلار،
تەسبىھى خۇدا ئەيلەر ئولدۇركى مەقالى گۇل.
ئەفلاكدە مەلائىكەلەر تەسبىھ ئىلە قايىمدۇر،
تەسبىھ بىلە بول دايىم تاپقايكى مەنالى گۇل.
غەفلەت بىلە ئۆتكەزمە ئۆمرۈڭنى قىلىپ زايىئ،
مەدھۇشى ھەۋا ئولغان بىلمەيكى جەلالى گۇل.
نەئمايى ئىلاھىينىڭ قەدرىنى بىلىپ يۈرگىل،
كىم شۇكرى بەجا قىلماس كۆرگەيكى ۋەبالى گۇل.
بىلگىلكى نىزامىددىن مەردۇدى جەھان ئولغاي،
بىھۇدە ئۆتۈپ ئۆمرى ئولساكى مەلالى گۇل.

45

ھەر كىمغە كەلسە ئىقبال، بولغاي مۇرادى ئىكمال،
ئاسان بولۇركى ئەشكال، دائىم بولۇركى خۇشھال.
ھاسىل بولۇر فەراغات، لازىم ئاڭا ئىبادەت،
كىم بىۋەلەر سەخاۋەت قىلسا يېتەر كىم ئەفزال.
ئالسۇن دۇئايى پىران، ھەردەم قىلىپكى ئىھسان،
ئەيلەپ ھەمىشە مىھمان، كەتمەس قولىدىن ئىجمال.
خەير دۇئانى ئالسا، سىدقى دىلىدىن سورسا،
نەزرۇ نىيازىن بەرسە، تاپقايكى نىك ئەھۋال.

سۆھبەتلەرنى تاپسا، لايىق ئەدەبنى بىلسە،
خىزمەت ھەممىشە قىلسا، بىلگەيكى ياخشى ئەفئال.
ئاقىل ئېسەڭ، بەرادەر، لازىم بۇ يولدا راھبەر،
تەن لايىقىدادۇرسەر، كۆرسەتكۈسىدۇر مىنۋال.
ھەر كىم قەدەمنى قويسا، بىر راھبەرنى تاپسا،
لايىق رىيازەت قىلسا، بولماسكى ئەھلى ئىزلال.
ئەمەلى شەرئەت بولسا، داخىلى تەرىقەت بولسا،
كامىلى ھەقىقەت بولسا، دۇنياغا بولماس مەييال.
ئاسىي نىزامىي، بىلگىل، ئەيلەپ رىيازەت سولغىل،
نەفسىڭ باشىغا ئۇرغىل، بەرمەي مۇرادنى مىسقال.

46

ئەھلى دىلنىڭ سۆھبەتى ناگاھ ساڭا بولسا بەھەم،
خىزمەتىدە باش قويۇپ، بىلگىل ئانى سەن مۇغتەنەم.
ئىلتىفات ئەيلەپ ساڭا، خىزمەتغە بار، دەپ بۇيرۇسا،
تەن نە بولغاي جانۇ دىلنى خىزمەتىدە قىل قەدەم.
خالىس ئەيلەپ خىزمەتىنى قىلماغىل مىننەت ئاڭا،
تاشلابان كىبرۇ ھەۋانى گەردەنىڭنى ئەيلە خەم.
ئەۋلىيانىڭ سۆھبەتىدە كىمىيايى ھەق بولۇر،
بىر نەزەر سالسا ۋۇجۇدۇڭنى قىلۇر ئول دەم ئەدەم.
ھەر كىشى كەلسە بۇلار دەرگاھىغا مەقسەد تىلەپ،
ھەر مۇرادىغا يېتەر زىرا بۇلار ئالى ھىممەم.
تاپسا كىم سۆھبەتلەرنى باخەبەر بولسۇن مۇدام،
ھەر زەمان قىلسا تەكەللۇم سۆزلەرى دۇررى ھەكەم.
ئەي نىزامىي، سۆھبەتى كامىلنى قولدىن بەرمەگىل،
سۆھبەتىدە بولغۇسى كارىڭ سېنىڭ بىشەك ئەتەم.

47

ھەۋانىڭ كەينىغە كىردىم، ئەزىز ئۆمرۈم فەنا قىلدىم،
ئەزىزلەر سۆھبەتىدە خاك بولمايكىم ھەۋا قىلدىم.
قارىلىقنىڭ كۈنى يەتتى ئىسىز ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
ۋۇجۇدۇم قۇۋۋەتى ... ھەياتىمنى ئەدا قىلدىم.
جەۋانلىق ۋەقتىن ئۆتكەردىم، قىلىپ بىھۇدە ئىشلارنى،
گۇناھىنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇشبۇ قەددىمنى دۇتا قىلدىم.
ئىبادەت قىلمايىن نەفسىم مۇرادىن ئىزلەبان ھەردەم،
سەۋاب ئىشلارنى تاشلاپ بارەھا يۈردۇم خەتا قىلدىم.

ئۆلۈمنى ۋەھىمىدىن قورقۇپكى تۈنلەر ئولمايىن بىدار،
تالڭ ئاتقۇنچە كۆيۈپ ـ يانىپ ۋۇجۇدۇمنى ھەبا قىلدىم.
ئۇرۇق ـ تۇققان، قارىنداشلار ئۆتۈپ كەتتى ھەمە ياران،
بۇلارنىڭ سۆھبەتىدىن ئايرىلىبان ئاھۇ ۋاھ قىلدىم.
ئەجەلنىڭ شەربەتىنى كۆللى زىجان ئىچمەيىن قالماس،
بەقاسىز ئۆمرنى بىلمەي ئاڭا ھەردەم بىنا قىلدىم.
پۇشەيمان ئەيلەدىم ھەر ئىشنى ئۆز جايىدىن ئۆتكەردىم،
ماڭا رەھمەت ئەتا قىل دەپ جەنابىڭغا دۇئا قىلدىم.
نىزامىي يىغلاپ ئايتۇركىم، گۇناھىم مەغفىرەت قىلغىل،
ئۆمىد ئەيلەپ سىنىڭدىن كېچە ـ كۈندۈز رەببەنا قىلدىم.

48

ھەر كىمغە يېتەر جەزبى بولماسكى ئاڭا ئارام،
ئىشقىنىڭ مەيىدىن ئىچىپ ئولغاي تەئام بەدتەئام.
تۈنلەردە بولۇپ بىدار قان ياشىنى تۆككەيلەر،
كوچا بىلە بازاردا جەزبىدىن ئولۇر سەرسام.
فەيزانى ھەقىقەتدىن ھەر كىمكى ئولۇش ئالسا،
رىندانى تەرىقەتلەر سۇنغاي ئاڭا ھەردەم جام.
دەردىنى تۇتار پىنھان، قىلماسكى شىكايەتنى،
ھەر چەند سورار ئىخۋان، بىلمەسكى ئانى ئىئمام.
ئۇقماسكى جەھان خەلقى ئىشق دەردى نېچۈك دەرددۇر،
ئىشقىنى تۇتار پىنھان، قىلماسكى ئانى ئىئلام.
تارتار يولىغا كۈلفەت كەلسەكى بەلا مىھنەت،
سەبر ئىلە قىلۇر ھۈرمەت تارتسا نېچەكىم ئالام.
ئۇقماسسەن، نىزامىدىن، ئىشق ئەھلى كەلامىنى،
شايەدكى كەرەم قىلسا كۆڭلىغە بولۇر ئىلھام.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)



رىزائىددىن بىننى فەخرىددىن

# ئىبنى بەتۇتەنىڭ دەشتى قىپچاقتىكى ساياھىتى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن، ھەسەنجان جۇمەخۇن، مۇھەممەتجان قادىر

**مۇھەررىردىن:** بۇ ئەسەر ئىبنى بەتۇتەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە غەربىي ياۋروپالارنى كېزىش جەريانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن قالدۇرغان ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئەسەردە خېلى كۆپ جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى، نام - ئاتالغۇلىرى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى خاتىرىلەنگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئەسەر بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەر 1917 - يىلى ئورۇنبۇرگ ۋاقىت مەتبەئەسىدە بېسىلغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان №13 نومۇرلۇق نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

## سۆز بېشى

ئىبنى بەتۇتەنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا[1]، بوۋىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىدى. ئۆز ئىسمى بولسا ئەبۇ ئابدۇللا، لەقىمى بولسا شەمسىددىن ئىدى. يىراق ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇم بولسا كېرەك، ئىبنى بەتۇتە دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. ئىبنى بەتۇتە ئۇزاق يىل كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنى كېزىپ يۈرگۈچى سەيياھ ۋە جۇغراپىيە ئىلمىگە تۆھپە قوشقۇچى مەشھۇر شەخس. ئۇ فىلىس مەملىكىتىنىڭ ماراكەش شەھىرىنىڭ مۇھىم يۇرتلىرىدىن بىرسى بولغان تەنجە شەھىرىدە ھىجرىيە 705 - يىلى (مىلادىيە 1303 — 1304 - يىلى) رەجەپ ئېيىدا تۇغۇلغان. 22 ياشقا كىرگەندە دۇنيانى ئايلىنىپ ئىلىم ئۆگىنىش ئىستىكىدە ھىجرىيە 725 - يىلى (مىلادىيە 1325 - يىلى) رەجەپ ئېيى(6 - ئايدا)دا سەپەرگە ئاتلانغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ھايات ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا سەپەر قىلماق ناھايىتى مۇشكۇل بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنيا كېزىپ يۈرگۈچىلەر، يىراق مەملىكەتلەرنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئىبنى بەتۇتە تىلىمسان، ئەلجازائىر، بىجايە، تۇس، تىرابلىس، ئىسكەندەرىيە، دىمىيات، مىسىر، مانفىلوت، ئاسسيۇت، فەنا، قەۋس، غەززە، قۇددۇس، بەيتۇلمۇقەددەس، نابلىس، مەككە، سور، بېيروت، مەرە، ھەلەب، ئانتاكىيە، دەمەشىق، بەسرە، مەئان، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ مەككە مۇكەررەمگە كىرگەن.

ھىجرىيە 726 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 20 - كۈنى (مىلادىيە 1327 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) مەككىدىن يولغا چىقىپ، مەدىنە، ئەزىيىپ، قادسىيە، نەجەف، خورنەق، ۋەسىت، بەسرە، ئابادان، تەستىر، ئىسفاھان، شىراز، كاردۇن، كۇفە، ھىللوتەن، كەربالا، باغداد، تەبرىز، تىگرىد، مەۋسۇل، ئىبنى

ئۆمەر قۇملۇقى، نەسىبىيىن، سەنجار، دارا، ماردىين شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ھىجرىيە 727 - يىلى (مىلادىيە 1328 - يىلى) يەنە مەككىگە ھەجگە كەلگەن. زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى (18 - ئۆكتەبىر) دۈشەنبە كۈنى ئەرافاتتا تۇرغان ۋە مەككىدە يەرلەشكەن.

ھىجرىيە 730 - يىلى (مىلادىيە 1330 - يىلى) مەككىدىن يولغا چىقىپ، ھۆددە، جىددە شەھەرلىرىگە بارغان ۋە دېڭىز يولى ئارقىلىق يەمەن مەملىكىتىگە سەپەر قىلغان. زەبىر، سانا، ئەدەن، زەيلىغ، زوخار، بوزەرمۇت، ئۇممان، قەتىف، ھەجەر شەھەرلىرىدە ساياھەتتە بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مەككىگە سەپەر قىلغان ھەم ھەج تامام بولغاندىن كېيىن، ھىندىستانغا بېرىش مەقسىتىدە جىددەگە كەلگەن.

ھىجرىيە 732 - يىلى مۇھەررەم ياكى سەپەر ئېيىدا كېمىگە ئولتۇرۇپ جىددەدىن ئايرىلغان. ئەمما، ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا كېمىدىن چۈشۈپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن مىسىرغا، ئاندىن شامغا بارغان. ئۇ يەردىن قۇنىيە، ئاقساراي، قەيسەرىيە، سىۋاس، ئاماسىيە، ئەرزىنجان، ئارزان، رۇم، مەغنىسىيا، بەرغومە، بالىكسىر، بۇرسا، قەستەمۇنىيە، سىنوپ شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، قارا دېڭىز ئارقىلىق قىرىمغا بارغان.

ئىبنى بەتۇتە مۇشۇ قېتىمقى سەپىرىدە دەشتى قىپچاقنى ساياھەت قىلغان ۋە قۇستەنتەنىيە (ئىستانبۇل) شەھىرىگە بارغان، دەشتى قىپچاقتىن خارەزم، بۇخارا، سەمەرقەنت، تىرمىز، بەلخ، ھىرات، جام، سەرەخس، نىشاپۇر، بەستالىم، غەزنە، پەنجان، مۇلتان شەھەرلىرىگە بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان ۋە جۇڭگولارغا كەلگەن، كېيىنچە شىراز، ئىسفاھان، بەسرە، كۇفە، باغداد، ئەنبار، تىرمىز، دەمەشىق شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ، مىسىرغا بېرىپ، ئاندىن مەككە مۇكەررەمگە كەلگەن. ھەج كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىدا مەدىنە ئارقىلىق بەيتۇل مۇقەددەسكە، ئاندىن كېيىن مىسىر، تۇنىس، تىلىمسان شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۆز ۋەتىنى بولغان «تەنجە»گە قايتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ بۇ ساياھىتىگە يىگىرمە تۆت يىل ۋاقىت كەتكەن.

ئىبنى بەتۇتە ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئۇزۇن سەپىرىگە قانائەت قىلمىغان بولسا كېرەك، كېيىنچە ئەندەلۇسنى زىيارەت قىلغان، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، سەھرايى كەبىر ئارقىلىق سۇدان مەملىكىتىگە بارغان ۋە ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ھەم شىمالىي تەرەپلىرىدە يۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ساياھەتچىلىكتە ئۆتكەن، كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان مەملىكەت ۋە خەلقلەر ھەققىدە ئۇچۇرلارنى توپلاپ قايتىپ كېلىپ، دۇنيا ئەھلىگە مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرگەن.

ئەينى چاغدىكى ئادەتلەرگە قارىغاندا، ئىبنى بەتۇتە ئۆز مەلۇماتلىرىنى چىن ۋە مۇھاكىمە ئارىلاشمىغان ھالدا يازغان ۋە ئاڭلىغان خەۋەرلەرنى شۇ پېتىچە قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەلۇماتى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى بەتۇتە ھەم ئۇنىڭ مەلۇماتلىرى ھەققىدە ئىبنى خەلدۇن مۇنداق يازغان: «بىنۇمىرىن پادشاھلىرىدىن ئەبۇ ئىنان دەۋرىدە مەغرىبتىكى فىلىس مەملىكىتى (ماراكەش)دىن ئىبنى بەتۇتە كەلدى[2]. بۇ ئادەم شەرق ۋە ئىراق، ھىندى ئۆلكىلىرىدە 20 نەچچە يىل ساياھەت قىلغان، ھىندىنىڭ ئاستانىسى ‹دېھلى›، شەھىرىدە سۇلتان مۇھەممەدشاھ ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى[3] بايان قىلغان ھەم بارغان يەرلىرىدىكى ئاجايىپ - ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ھېكايەت قىلغان. ئەمما، ئۇنىڭ نۇرغۇن خەۋەرلىرىگە خەلقلەر ئىشەنمەي قۇلاقتىن - قۇلاققا ‹يالغان سۆزلەۋاتىدۇ›، دېيىشكەن. تەڭرىگە ھەممە ئىش ئاساندۇر! شۇنداق بولمىغان بولسا، بىر نەرسىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ‹مۇمكىن› بولۇشقا يەتمەيدۇ». (ئەبەرۇل - دىۋان مۇپتەدائۇل - خەبەر، 1 - جىلد 89 - بەت)

«دائىرەتول - مەئارىف» دېگەن ئەسەردە مۇنداق سۆز بار: «پەرەڭلەر ئىبنى بەتۇتەنىڭ نۇرغۇن مەلۇ-

ماتلىرىنى، خۇسۇسەن ئافرىقا خەلقلىرىنىڭ سېھرىي جادۇ بىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئادەمنىڭ بەك كۆپ پايدىلىق خەۋەرلىرى بار. ئەگەر ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى خاتا بولسا، بۇنىڭ خاتالىقى ئىبنى بەتۇتەدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگۈچىدە»».

جۇغراپىيە ئىلمى ئۈچۈن كۆپ خىزمەت قىلغان ۋە ئىسلام مەملىكەتلىرىنى كېزىپ چىققان ئىبنى بەتۇتە ئىسلام دۇنياسىغا ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس، ھىجرىيە 1041 ـ يىلى (مىلادىيە 1731 ـ يىلى) ۋاپات بولغان ئەھمەد بىننى مەقرى ئۆزىنىڭ «نەفھۇت ـ تەييىب» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە ئايرىم بىر باب ئېچىپ، «ئاندىلس»قا كەلگەن شەرقلىكلەرنى تىلغا ئالغاندا، ئىبنى بەتۇتەنى غەربلىك بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ، ئۇ ھەقتە توختالمىغان.

ئەگەر يۇقىرىقىدا ئىبنى خەلدۇننىڭ ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلار نەزەرگە ئېلىنمىسا، ئىبنى بەتۇتەنىڭ ئىسمى قەدىمكى ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ئادەمنى ئۇنتۇلغان يېرىدىن ئىلىم دۇنياسىغا تونۇشتۇرغان ھەمدە ساياھەتنامىسىنى قولرتلارغا يەم بولۇۋاتقان ئورۇندىن ئېلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا تارقاتقان ۋە نەشر قىلغانلار دەل ياۋروپالىقلاردۇر. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىسلام ئەسەرلىرىدە كۆپ كۆرۈلۈشى ياۋروپالىقلارنىڭ بۇيۇك نەتىجىسىدىن بولغان.

«قامۇسۇل ـ ئەلەم»دە ئىبنى بەتۇتە ساياھەتنامىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۆز پېتى دېگۈدەك «دائىرەتول ـ مەئارىف» دېگەن ئەسەردىن ئېلىنغانلىقى مەلۇم. ھېس قىلىشىمچە، «دائىرەتول ـ مەئارىف»نىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ مىسىردا تاش مەتبەئەدە بېسىلغان تاللانمىلىرىنى كۆرگەن، ئەمما «قامۇسۇل ـ ئەلەم»نىڭ مۇئەللىپى ئەسەردە تاللانغان بۆلەكلىرى ھەم ھېچقانداق تىلدىكى تەرجىمىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان.

ئىبنى بەتۇتە دەشتى قىپچاق ۋە بىزنىڭ «بولغار»ىمىزدە قايسى يىللىرى تۇرغان؟ مانا بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك. ئەمما، ساياھەتنامىدە بۇ ھەقتە ئېنىق جاۋاب يوق. بۇ يەرلەردە يۈرگەن يىللارنى بىزنىڭ قەلەممىز ئۆزى بايان قىلىدۇ. ھىجرىيە 732 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ياكى سەپەر ئېيىدا جىددەدىن ئايرىلىپ رامىزان ئېيىدا ياكى شۇ چاغلاردا قۇنيەدە ئىكەنلىكى ھەمدە يەنە بىر رامىزاننى مۇھەممەد ئۆزبېكخان ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزگەنلىكى ساياھەتنامىدە بايان قىلىنىغان. بۇلاردىن قارىغاندا، ئىبنى بەتۇتە دەشتى قىپچاق بىلەن بولغاردا ھىجرىيە 735 ـ يىلى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولىدۇ.

لېكىن، ئىبنى بەتۇتە تىلغا ئالغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى تامامەن توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، دەسلەپتە ئۆزى ھىجرىيە 732 ـ يىلى ھەجنى تۈگىتىپ مەككىدىن يولغا چىققانلىقىنى بايان قىلغان، يولدا بىر رامىزان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى رامىزان ھېيتىنى ئۆزبېكخان ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزگەن، شۇ ھالەتتە ھىجرىيە 736 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا ھىندىستانغا بارغانلىقىنى يازغان. تارىختا بىرسى پۈتۈنلەي توغرا بولسا؛ ئىككىنچىدىن مۇتلەق خاتالىشىدىغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. 732 ـ يىلى ھەجنى تۈگىتىپ، مەككىدىن ئايرىلغان بىر رامىزاننى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى ھېيتنى دەشتى قىپچاقتا ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن «ھاجى تارخان» شەھىرىدىن قۇستەنتەنىيە (ئىستانبۇل)غا بېرىپ، ئۇ يەردە بەش ئايچە تۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن «ساراي»غا قايتقان. شۇڭا، بۇ ئادەمنىڭ ھىجرىيە 735 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ باشلىرىدا ھىندىستاندا بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ ساياھەتنامىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا بەزى خاتالىقلار بار. بۇنىڭ مىسالىنىڭ بىرسى شۇكى، بۇخارا شەھىرىدە ئىمام بۇخارى مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە قەبرىگە يېزىلغان خەتلەرنى كۆچۈرۈپ يازغانلىقىنى سۆزلەيدۇ (1 ـ جىلد 238 ـ بەت). ھالبۇكى، ئىمام بۇخارى سەمەرقەنتتە ۋاپات

بولغان، قەبرىسىمۇ شۇ يەردە، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ.

ئىبنى بەتۇتە نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى مۇناسىپ ئورۇندا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن خاتىرىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ يوقالغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ (1 - جىلد 238 - بەت) بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىبنى بەتۇتە دەشتى قىپچاق ھەققىدە يازغان دەپتەرلىرى تولۇق بولمىغان، كېيىنچە ماتېرىياللارنى رەتلەپ يازغاندا قىسمەن يىلنامە ۋە تارىخىي ۋەقەلەردە خاتالاشقان.

«رامىزان ھېيتىنى جۇمە كۈنى ئوقۇدۇق» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ دەشتى قىپچاق ۋە بولغار شەھىرىگە كەلگەن ۋاقتى ھىجرىيە 732 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ھىجرىيە 731 -، 732 -، 733 -، 734 - يىللىرى ئارىلىقىدا شەۋۋال ئېيىدا جۈمە كۈنى بولغان يىللار پەقەت 732 - يىلىغىلا توغرا كېلىدۇ. قوستانتىنىيەدىن ھاجى تارخان شەھىرىگە قايتقاندا ئۇ سوغۇققا دۇچار بولدى، تاھارەت ئالغاندا يۈزلىرى توڭلىغان ھەم ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بەرگەن، چۈنكى شۇ ۋاقىت سوغۇق بولىدىغان پەسىل ئەمەس ئىدى.

ئىبنى بەتۇتە ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساياھەتنامىسىنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم بولدى.

بىرىنچى نۇسخىسى ئىبنى بەتۇتەنىڭ ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ۋە تۈرلۈك ۋاقىتلاردا تىلغا ئېلىنغان خاتىرە دەپتىرى ھەمدە مۇتەۋەككىل ئەبۇ ئىناننىڭ تەشەببۇسى بويىچە مۇھەممەد كەلبىيگە كۆچۈرگۈزگەن مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مەجمۇئەدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر دۇنيادا بارمۇ، يوق، بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

ئىككىنچى نۇسخىسى بولسا كاتىپ مۇھەممەد كەلبىي كۆچۈرۈپ تۈپلىگەن نۇسخا. بۇ نۇسخا ھەققىدە مۇھەممەد كەلبىي: «مەشھۇر سەيياھ شەيخ ئىبنى بەتۇتە فىلىس شەھىرىدە توختىدى ۋە پادىشاھىمىز (ئەبۇ ئىنان مۇتەۋەككىل)نىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدى. پادىشاھىمىز ئىبنى بەتۇتەنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىش ھەققىدە بىزگە بۇيرۇق بەردى. شۇڭا، بىز بۇنى قوبۇل قىلىپ بۇ ئىشقا كىرىشتۇق ۋە شەيخ (ئىبنى بەتۇتەنى كۆرسىتىدۇ) ھەزرەتلىرىنىڭ بارلىق نىيەت - مەقسەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى يازدۇق. نۇرغۇن يەرلەردە ئۇنىڭ ئۆز گېپى ۋە ئىبارىلىرىنى ئەينەن كۆچۈردۇق، ئۇقۇش مۇمكىن بولمىغان سۆزلەرگە چۈشەنچە بەردۇق، ئەرەبچە بولمىغان سۆزلەر توغرىسىدا بىز شەرھ يېزىپ ئىزاھات بەردۇق ھەمدە كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ‹شەيخ ئىبنى بەتۇتە خاتىرىسىدىن تەھسىل قىلغان نەرسىلىرىمىز مۇشۇ يەردە تامام بولدى›» دەيدۇ.

ھىجرىيە 858 - يىلى (مىلادىيە 1356 - يىلى)دا شەيخ ئىبنى بەتۇتە ئۆزى ھايات ۋاقتىدا تاماملىغان نۇسخىسىنىڭ ئىسمىنى «توھفەتۇن - نەزەر فى غەرايىبۇل - ئەمسار ۋە ئەجايىبۇس - سەفار» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى مەشھۇر سەيياھلاردىن بولغان بوركھارت (بۇ ئادەمنىڭ تەرجىمىھالى «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 5 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ) قولغا چۈشۈرۈپ، ئەنگلىيەنىڭ كامبرىج شەھىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتقا ھەدىيە قىلغان، فرانسۇزلارمۇ مىسىردىن بىر نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، 1853 - يىلى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلغان. كېيىنچە تەرجىمىسى بىلەن ئەرەبچە نۇسخىسىنى بەش جىلدلىق قىلىپ، 1859 - يىلى پارىژدا نەشر قىلغان.

بوركھات نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىپ كەلگەن نۇسخىسىنى ئەنگلىيەلىكلەر 1838 - يىلى ئىنگلىزچىغا، ئاندىن كېيىن ياۋروپادىكى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلغان ۋە ھەربىر تەرجىمىلەرنى نۇرغۇن قېتىم نەشر قىلدۇرغان.

ئۈچىنچى نۇسخىسى بولسا كاتىب مۇھەممەد كەلبىينىڭ ئەسىرى بولغان 2 ـ نۇسخىسىدىن قىسقار ـ
تىلىپ 89 بەتلىك كىتابچە قىلىپ، 1287 ـ يىلى مىسىردا تاش مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىدۇر، بۇنى
قىسقارتقۇچى كاتىب مۇھەممەد كەلبىيمۇ ياكى باشقا ئادەممۇ بۇنى بىلمەيمىز. ھەرھالدا قىسقارتىلغان
نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى مۇھەممەد كەلبىيدا ساقلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ نۇسخا
ھەققىدە «دائىرەتول ـ مەئارىف»نىڭ مۇئەللىپى «پۈتكەن نۇسخىسىنى كۆردۈم، ئەمما خاتالىقلار كۆپ ئې ـ
كەن» دېگەن. «تۆھفەتۇن ـ نەزەر» دېگەن ئەسەرنى فىرانسىيەلىكلەرنىڭ تەرجىمىسى بىلەن ئەرەبچە ئەس ـ
لىي نۇسخىسىنى بىرلىكتە تۆت جىلد قىلىپ، پارىژدا ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلدۇرغانلىقى مەلۇم.
ئىبنى بەتۇتەنىڭ ساياھەتنامىسىنى پۈتۈن ياۋروپالىقلار كۆرگەن، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق خوتۇن ـ قىزلارغىچە
پۈتۈن خەلق ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارمۇ مىسىردا ئىككى جىلد، ئىككى كىتاب نەشر قىلدۇرغان.
تۇنجى باسمىسى ھىجرىيە1287 ـ يىلى (1870 ـ يىلى) كېيىنكىسى ھىجرىيە 1322 ـ يىلى (1903 ـ
يىلى) بېسىلغان. كېيىنكى باسمىسىدا 1 ـ جىلد 255 ـ بەت، ئىككىنچى جىلد 208 ـ بەتلىك قىلىپ
بېسىلغان. تۈركىيە ئىلىم ئەھلىلىرى فىرانسۇز رومانلىرى ۋە خىيالىي ھېكايىلىرى بىلەن پۈتۈن مەم ـ
لىكەتنى تولدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىبنى بەتۇتەنىڭ ساياھەتنامىسىنى جۈملىدىن جىددىي ۋە ئىل ـ
مىي ئەسەرلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئەگەر بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسا،
بۇ ئەسەرنى تولۇق تەييارلاپ ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك يەرلىرىگە ئىزاھات بېرىپ، خەرىتىلەر بىلەن
بىرلىكتە نەشر قىلغان بولسا بەك خەيرلىك ئىش بولغان بولاتتى.

ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرىكى ئەھۋاللىرى تىلغا ئېلىنغان ئىبنى بەتۇتە سايا ـ
ھەتنامىسىنىڭ «دەشتى قىپچاق»تىكى سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايەت قىلىنغان قىسمى بىز ئۈچۈن ئىنتا ـ
يىن قىممەتلىك خەزىنىدۇر. بۇ ئەسەر بار ـ يوقى 20 ــ 30 بەتچە بولغاچقا، بۇنى ئايرىپ ئۆز تىلىمىزغا
تەرجىمە قىلىپ، ئەسلىي ئەرەبچە نۇسخىسىنى ھەمدە شۇنىڭدا كۆرۈلگەن ئىسىملارنى ياۋروپادا بېسىلغان
نۇسخىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىپ، دەشتى قىپچاقنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خەرىتىسىنى ئىشلەپ، ئاي ـ
رىم بەلگىلەر بىلەن ئىبنى بەتۇتەنىڭ ساياھەتنامىسىنى كۆرسىتىپ بەرسەك تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ھازىر بىز ئەرەبچە نۇسخىسىدىن شۇ قىسمىنى تەرجىمە قىلىمىز، قولىمىزدا بىرلا مەنبە نۇسخىسى بار،
رۇسچە تەرجىملىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇمانلىق جايلارمۇ يوق ئەمەس،
ياخشى تەرجىملەر، ياخشى خىزمەتلەر روياپقا چىققانغا قەدەر بىزنىڭ تەرجىمىمىز ئەسقېتىپ قالار. ياخ ـ
شى نەرسىلەر بولغاندىن كېيىن ناچارلىرىغا ھاجەت چۈشمەسلىك تەبىئىيدۇر. ئىبنى بەتۇتە ئۆزىنىڭ ۋە ـ
تىنى بولغان تەنجەدە ھىجرىيە 779 ـ يىلى (مىلادىيە 1378 ـ يىلى) 87 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ــ رىزائىددىن بىننى فەخرىددىن
1913 ـ يىلى 18 ـ يانۋار، ئورۇنبۇرگ

**1. قىرىم ۋىلايىتىگە سەپەر**

قىرىمغا بارىدىغان كېمىنى كۈتۈپ سىينوپ شەھىرى[4]دە قىرىق كۈنچە تۇرۇپ قالدۇق. بىر رۇم كې ـ
مىچىنى ياللىغاندىن كېيىن ئوڭ شامالنى كۈتۈپ ئون بىر كۈن تۇردۇق. ئاخىر كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىز
سەپىرىنى باشلىۋەتتۇق. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قاتتىق بورانغا دۇچ كەلدۇق. بىزنى قورقۇنچ باستى
ئەھۋال ناھايىتى جىددىي بولۇپ، ئۆلۈم كۆز ئالدىمىزدىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن كېمە ئىچىدە ئول ـ

تۇرغان بولغاچقا، مەغرىب ئەھلىدىن بولغان ئابابەكرى ئىسىملىك ئادەمگە: «دېڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، پالۋىغا چىقىپ قاراپ باققىن» دېدىم. ئابابەكرى قاراپ چىقىپ چۈشتى ۋە ئەھۋالنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بەك قورقۇپ كەتتۇق، بىرئازدىن كېيىن شامالنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ بىزنى سىنوپ شەھىرى تەرەپكە قاراپ سۈردى. بىر قىسىم سودىگەرلەر قورۇقلۇققا چىقماقچى بولغان بولسىمۇ، كېمىچى بۇلارغا ئىجازەت بەرمىدى.

ئۈزاق ئۆتمەي ئوڭ شامال چىقتى. بىز يەنە دېڭىز سەپىرىگە ئاتلاندۇق، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ، دېڭىز سەپىرىگە چىققاندىن كېيىنكى تۈنجى قېتىملىق ئەھۋال يەنە قايتىلاندى. ئۈزاق ئۆتمەي يەنە ئوڭ شامال چىقتى. بىز سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. تاغ ۋە تاغ چوققىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىز كەرىچ شەھىرى⑤گە كېلىپ توختىدۇق، شەھەرگە كىرمەكچى بولۇۋاتقىنىمىزدا، تاغ بېشىدىكى ئادەملەر بىزگە شەھەرگە كىرمەسلىك ھەققىدە ئىشارەت قىلدى. بىز دۈشمەنلەر بار ئوخشايدۇ دەپ كەينىمىزگە قايتتۇق. كېمە قورۇقلۇققا يېقىنلاشقاندا، مەن ئۇنىڭغا بۇ يەردە چۈشىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. كېمىچى مېنى چۈشۈرۈپ قويدى. مەن بىر چېركاۋنى كۆردۈم، شۇ يەرگە باردىم. ئۇ يەردە بىر پوپ بار ئىكەن. چېركاۋنىڭ تېمىدا بېشىغا سەللە ئوراپ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان، قولىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتقان، ئالدىدا يېنىپ تۇرغان شام بار ئەرەبنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ، پوپتىن: «بۇ كىمنىڭ رەسىمى» دەپ سورىدىم. ئۇ «ھەزرىتى ئەلىنىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇنىڭدىن گۇمانلاندىم، كەچنى چېركاۋدا ئۆتكۈزدۇق، قورساقنى توقلايلى دەپ چۈجە پىشۇرغان بولساقمۇ، دېڭىز سۈيىنىڭ پۇرىقى بەك كۈچلۈك بولغاچقا سەسكىنىپ يېيەلمىدۇق.

بىزنىڭ چۈشكەن جايىمىز تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىدا «دەشتى قىپچاق» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر قىشلاق ئىكەن.

بۇ يەردە تاغ، ئورمان يوق بولۇپ، ناھايىتى گۈزەل، ياپيېشىل يايلاق ئىكەن. بۇ يەردىكى خەلقلەر تېزەك قالايدىكەن، ئۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ تېزەك تېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

«دەشتى قىپچاق»تا يولۇچىلار ھارۋىدا يۈرىدىكەن، «دەشتى قىپچاق»نىڭ چوڭلۇقى ئالتە ئايلىق يول بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچ ئايلىق يولى مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ تەسەررۇپىدا، قالغان ئۈچ ئايلىق يول باشقىلارنىڭ قولىدا ئىكەن.

«دەشتى قىپچاق»قا چۈشۈپ ئەتىسى ھەمراھىمىز بولغان سودىگەرلەر قىشلاقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قىپچاق خەلقلىرى ئارىسىغا بېرىپ ھارۋا ياللاپ كەپتۇ، بۇ قىپچاقلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. شۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كەيفە شەھىرى⑥گە باردۇق. كەيفە دېڭىز ئۈستىگە ئۇزۇنچاق شەكىلدە سېلىنغان چوڭ شەھەر ئىكەن. خەلقنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇۋەزلەر بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. شەھەرنىڭ باشلىقى «دىمتېر» (دەمدىر) دېگەن تۆرە ئىكەن. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتىگە چۈشتۇق.

مەسچىتكە ئورۇنلىشىپ بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر تەرەپتىن تاكتاكنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن تاكتاك ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن بەكلا قورقۇپ كەتتىم. مەن ھەمراھىمغا مۇنارغا چىقىپ «قۇرئان» ئوقۇڭ، تەكبىر ئېيتىڭ، ئەزان توۋلاڭ، دېدىم. ئۇلار مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلدى. شۇ چاغدا ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، قورال ئاسقان بىر ئادەم كىرىپ سالام بەردى ۋە بىزنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىمىزنى سورىدى. بىز ئەھۋالىمىزنى سۆزلەپ بەردۇق. ئۇ كىشى: «مەن ئەزان ۋە تەكبىر، ‹قۇرئان› ئوقۇغان ئاۋازنى ئاڭلاپ سىلەرگە بىرئىش بولمىغاندۇ، دەپ ئەنسىرەپ كىرگەنىدىم» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەردە شەھەرنىڭ ئەمىرى بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى ۋە تاماق تەييارلاپ بىزنى ئوبدان كۈتتى. شەھەرنى ئايلاندۇق، بازارلىرى ئىنتايىن قايناق بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتقىلى بولمىدى، پىرىستانىنى زىيارەت قىلدۇق. 200 چە ئۇرۇش ۋە سودا كېمىلىرى بار ئىكەن. بۇ يەر دۇنيادىكى مەشھۇر پىرىستانلارنىڭ بىرسى ئىكەن.

بۇ شەھەردىن هارۋا يالLاپ قىرىم[7] شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ گۈزەل شەھەر بولۇپ، سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ تەسەررۇپىدا ئىكەن. بۇ يەرگە ئۆزبېكخان تەرىپىدىن «تۆلكى تېمۇر» ئىسىملىك بىر ئەمىر قويۇلغان بولۇپ، شۇ ئىدارە قىلىدىكەن. ئەمىر تۆلكى تېمۇرنىڭ بىر ئادىمى يولدا بىز بىلەن سەپەرداش بولغانىدى. شۇ ئادەم بىزنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگىنىمىزنى ئەمىرگە مەلۇم قىلغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئەمىر ئۆزىنىڭ ئىمامى بولغان سەئىدىددىندىن بىر ئات ئەۋەتىپتۇ. بىز زادەل ـ خۇراساني ئىسىملىك شەيخنىڭ خانىقاسىغا چۈشتۇق. بۇ شەيخ بىزنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە بۇ شەيخ ئىنتايىن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن. ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن خەلقلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. قازى، خەتىپ، فەقىھ (قانۇنشۇناسلار) قاتارلىقلارمۇ كېلىپ تۇرىدىكەن. شەيخ ماڭا: «بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خىرىستىيان چېركاۋىدا ئىبادەت ۋە روزىنى تەرك قىلمىغان بىر پوپ بار. بەزىدە ئۇدا 40 كۈن روزا تۇتىدۇ، ئېغىز ئاچقاندا پەقەت بىر دانە پۇرچاق يەيدۇ. ئەگەر كۆرۈشنى ئىختىيار قىلسىڭىز بىرلىكتە بارايلى» دېدى. بۇنى رەت قىلدىم، ئەمما كېيىنچە نېمىشقا بېرىپ كۆرۈپ باقمىغاندىمەن، دەپ پۇشايمان قىلدىم. بۇ شەھەردە بۇ يەرنىڭ ئۇلۇغ قازىسى شەمسىددىن سالى بىلەن كۆرۈشتۇم. بۇ زات ھەنەفىيە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قازىسى ئىكەن. ئىمام شافىيلارنىڭ قازىسى خىزىر بەلەنمۇ كۆرۈشتۇم. بۇلاردىن باشقا، فىقھ ئىلمىنىڭ ئۆلىماسى مۇدەررىس ئەلامىددىن، ئىمام شافىي مەزھىپىنىڭ خاتىپى ئابابەكرى بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ پادىشاھ ناسىر بىنا قىلغان بۈيۈك مەسچىتتە خاتىپ ئىكەن. بۇلاردىن باشقا، رۇم نەسلىدىن بولغان، كېيىنچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان فىقھ ئىلمىنىڭ ئۆلىماسى شەيخ مەزھىرىددىن بىلەنمۇ كۆرۈشتۇم.

تۆلكى تېمۇر ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىندۇق. لېكىن، ئۆزى ئاغرىق بولغاچقا، بىز ئۇنى يوقلاپ بارغاندا بىزگە كۆپ خەير ـ ئېھسان قىلدى. ئۇ سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبېك ھەزرەتلىرىنىڭ ئاستانىسى سارايغا يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. مەن ئۇلار بىلەن سەپەرداش بولۇش ئۈچۈن هارۋا سېتىۋالدىم.

**2. دەشتى قىپچاقتا ھارۋىلار**

ھارۋىلارنىڭ ئادەتتە تۆت چوڭ چاقى بولۇپ، بەزىلىرىگە تۆت ئات، بەزىلىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئات قېتىلىدىكەن. بەزى كىشىلەر ئاتنىڭ ئورنىغا كالا، تۆگە قاتىدىكەن. ھارۋىكەش قېتىلغان ئاتنىڭ ئۈستىگە مىنىدىكەن. ئۇ ئات ئېگەرلەنگەن بولۇپ، ھارۋىكەش قولىدا قامچا تۇتىدىكەن. يەنە بىر ئۇزۇن بىر تاياق بولىدىكەن. ھارۋىكەش قېتىلغان ھايۋانلارنى چەتكە تارتماقچى بولسا، شۇ ئۇزۇن تاياق بىلەن يولغا چۈشۈرىدىكەن. ھارۋىنىڭ ھەرخىل ياغاچلاردىن ئېگىپ ياسالغان گۈمبەزسىمان چېدىرى بار بولۇپ، بۇ ياغاچلار قوۋزاق بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلانغانىكەن. چېدىرنىڭ ئۈستى كىگىز ۋە باشقا نەرسە بىلەن قاپلىنىدىكەن. چېدىرنىڭ تېمىدا يۇمىلاق شەكىللىك پەنجىرە بار ئىكەن. چېدىردا ئولتۇرغۇچىلار بۇ يەردىن سىرتتىكى كىشىلەرنى كۆرەلەيدىكەن، ئەمما سىرتتىكىلەر چېدىر ئىچىدىكى ئادەملەرنى كۆرەلمەيدىكەن. يول يۈرۈۋاتقاندا ھارۋا ئىچىدە ئۇخلاشقا، يەپ ـ ئىچىشكە، ئوقۇپ ـ يېزىشقا بولىدىكەن[8]. سەپەر ۋاقتىدا مەخسۇس ئېغىر يۈك، ئاشلىق، يېمەكلىكلەرنى توشۇيدىغان ھارۋىلاردىمۇ مۇشۇنداق چېدىر بولىدىكەن. ئۇلارنى ئۆي ئورنىدا ئىشلەتكىلى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرىنى يېپىپ قويغىلى بولىدىكەن.

يولغا چىقىش تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، ئۆزۈم ئولتۇرۇش ئۈچۈن كىگىز بىلەن قاپلانغان بىر

هارۋا، سەپەردىشىم ئافقىدىن تۈزرىي ئۈچۈن بىر كىچىك هارۋا، باشقا سەپەرداشلار ئۈچۈن ناهايىتى چوڭ بىر هارۋا تەييارلىدىم. كېيىنكى چوڭ هارۋىغا ئۈچ تۆگە قېتىلغانىدى. هارۋىكەش هارۋا تارتىدىغان بىر تۆگىگە مىنىپ ماڭدى.

ئەمىر تۆلكى تېمۈر، ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەيسا ھەمدە ئۇنىڭ قۇتلۇق تېمۇر ۋە سارۇبېك دېگەن ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلاندۇق، سەپەرگە چىققانلاردىن يەنە ئىمام سەئىدىن، خاتىپ ئابابەكرى، قازى شەمسىددىن، فىقھشۇناس شەرەفىدىن، تەرىف ئېيتقۇچى ئالائىددىن قاتارلىقلار بار ئىدى. يولغا چىقتۇق. «تەرىف ئېيتقۇچى» دەپ ئەمىر ھوزۇرىدا تۇرۇپ، كەلگۈچىلەرنى ئەمىرگە خەۋەر قىلغۇچى ئادەمگە قارىتىلىدىكەن. مەسىلەن، ئەمىرنىڭ ھوزۇرىغا قازى قەدەم تەشرىپ قىلسا، تەرىف ئېيتقۇچى يوقىرى ئاۋاز بىلەن: «بىسمىللا، سەردارىمىز، ساھىبىمىز، باش قازى، قانۇننى چۈشەندۈرگۈچى كەلدى، بىسمىللاھ» دەيدىكەن. مۇبادا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان فىقھشۇناس ئۆلىما ياكى باشقا مۆھىم ئەربابلار كەلسە: «شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن سەردارىمىز پالانى كەلدى، شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بەلەن» دەپ توۋلايدىكەن. بۇنداق بولغاندا مەجلىستە بولغان كىشىلەر شۇ تەرەپكە قاراپ، كىرگۈچى ئادەمنى قارشى ئېلىپ ئورۇن ۋە يول بېرىشكە تەييارلىنىدىكەن ھەم ئېھتىرام ئېيتىپ، تۆۋەندىكى تەرەپكە ئۆتۈپ مەجلىسكە قاتنىشىدىكەن.

تۈركلەر[9]نىڭ بۇ يايلاقتا يولغا چىقىش ۋە ئارام ئېلىشى ھاجىلارنىڭ ھىجاز يولىدىكى سەپەرلىرىگە ئوخشايدىكەن. يەنى، سەھەردە سەپەرگە ئاتلىنىپ، چۈشتىن كېيىن يەنە يولغا چىقىپ، كەچتە توختايدىكەن. توختىغان ئورۇندا ئات، تۆگە ۋە كالىلىرىنى هارۋىلاردىن بوشىتىپ يايلاققا قويۇۋېتىدىكەن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھايۋىنى سىرتتا ئوتلايدىكەن، بۇ يايلاقتا ئارپا ئۆسىدىكەن. بۇ يەردىن باشقا يەردە بۇنداق مەنزىرە يوق، ئارپا بۇ يەرنىڭ خاسىيىتى ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە مال ـ چارۋىلار ئىنتايىن كۆپ، مال ـ چارۋىنى ئەگىشىپ بېقىش ھاجەتسىز ئىكەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئوغرىلارغا بېرىدىغان جازاسى قاتتىق بولغاچقا، ماللىرى يىتمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ماللىرى قارىغۇچىسىز، كۈتكۈچىسىز ئۆز ئورنىدا يايلاۋېرىدىكەن.

بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئوغرىلانى جازالاش قانۇنى مۇنداق ئىكەن، بىر ئات ئوغرىلىغان بولسا، ئوغرى مالنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرغاندىن سىرت، مال ئىگىسىگە توققۇز تۇياق ئات تۆلەپ بېرىدىكەن. ئەگەر بۇنىڭغا ئىقتىسادى يار بەرمىسە، پەرزەنتلىرىنى بېرىدىكەن. ئەگەر پەرزەنتى بولمىسا، قوي بوغۇزلىغاندەك ئۇنى بوغۇزلىۋېتىدىكەن.

بۇ يەردە ياشايدىغان تۈركىي خەلقلەر ئەكمەك (نېپىز نان) ۋە قاتتىق يېمەكلىكلەر يېمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى «دوقى»[10] دېگەن نەرسىدىن تەييارلىنىدىكەن. ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى مۇنداق ئىكەن: ئاۋۋال سۇ قاينىتىدىكەن، سۇ قاينىغاندىن كېيىن ئازراق «دوقى» سالىدىكەن. ئەگەر گۆش بار بولسا، گۆشنى ئۇششاق توغراپ ئۇنىڭغا سېلىپ پىشۇرسا بولىدىكەن. يەيدىغان ۋاقىتتا ئاشنى ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر تەخسىدىن ئەكېلىدىكەن[11]. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېتىق سېلىپ ئىچسە بولىدىكەن. ئات سۈتى «قىمىز» دېيىلىدىكەن.

بۇ قوۋملار كۈچلۈك، ساغلام، ياخشى تەبىئەتلىك ئىكەن. بەزى چاغدا «بۇرخانىي» دېيىلىدىغان تاماقنى يەيدىكەن. بۇ خىل تاماق مۇنداق تەييارلىنىدىكەن: خېمىرنى ئۇششاق كېسىپ ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تېشىپ تۆشۈك ئېچىپ، ئۇنى قازانغا سېلىپ پىشۇرىدىكەن، پىشقاندىن كېيىن ئۈستىگە قېتىق سېلىپ ئىچىدىكەن. مانا بۇ «بۇرخانى» دېيىلىدىكەن.

بۇلارنىڭ دوقى (doge)دىن ياسىغان ئىچىملىكلىرىمۇ بولىدىكەن. بۇلار تاتلىق ئاش (ھالۋا)لارنى ئىنتايىن ئەيىب دەپ بىلىدىكەن. مەن رامىزان ئېيىنىڭ بىر كۈنى سۇلتان ئۆزبېك ھوزۇرىدا بولدۇم.

ئالدىمىزغا ئات گۆشى كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ زىياپەتلەردە ئەڭ كۆپ يەيدىغان تامىقى ئات ۋە قوي گۆشى، ئارىشتە[12] دېگەن تاماق ئىكەن. شۇ كېچىسى مەن ئۆز ھەمراھىم تەييارلىغان ھالۋىدىن بىر تاۋاق ئېلىپ بارغانىدىم. شۇنى سۇلتانىنىڭ ئالدىغا قويدۇم. سۇلتان بارمىقى بىلەن ئېلىپ قويۇپ، يېمىدى. تۆلكى تېمۇر ماڭا: «سۇلتانىمىزنىڭ بەك مەرتىۋىلىك بىر قۇلى بار بولۇپ، بالىسى ۋە نەۋرىسى 40قا يېتەتتى. كۆنلەرنىڭ بىركۈنى سۇلتان ئۇنىڭغا ھالۋا يېسەڭ سېنى ئازاد قىلىمەن، دېگەنىدى، قۇل سۇلتانغا: «ئۆلتۈرسىڭىز ئۆلتۈرۈڭ، مەن ئۇنى يېمەيمەن دەپ جاۋاب بەردى» دېدى.

### 3. قىرىمدىن ئايرىلىش

قىرىم شەھىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىجان دېگەن يەردە ئەمىر تۆلكى تېمۇر تەييارلىغان كۆلبىگە چۈشكۈن قىلدۇق. تۆلكى تېمۇر مېنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپتۇ. مەن سەپەردە مىنىمەن دەپ تەييارلاپ قويغان ئېتىم بار ئىدى، شۇنى مىنىپ ئەمىرنىڭ ھوزۇرىغا باردىم. ئەمىر نۇرغۇن تاماق ھازىرلاپتۇ. تاماقلار ئىچىدە نانمۇ بار ئىكەن. ئاشتىن كېيىن تاۋاقتا ئاق رەڭلىك ئىچىملىكلەر كەلتۈرۈلدى. كىشىلەر ئۇلارنى ئىچىۋەتتى. شەيخ مۇزەففەر ئەمىرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئىچىملىكنى تېتىپ باقسام ئاچچىق تۇيۇلدى. ئىچمىدىم، يىغىلىشتىن چىقىپ سورۇشتۇرسەم، ئۇلار ئۇنىڭ «دوقى» دېيىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شەيخ مۇزەففەر بۇنى «ھۇمائى دوخىن» دەپ چۈشەندۈردى[13].

بۇ يەردىكى خەلقلەر ئەبۇ ھەنىفە مەزھىپىدە بولغاچقا، بۇ خىل ئىچىملىكلەرنى ئىچىۋېرىدىكەن. بۇ ساھەدە ئەبۇ ھەنىفە مەزھىپى بىرقەدەر ئەركىنرەك.

قىرىم شەھىرىدىن چىقىپ ئون سەككىز كۈن ماڭغاندىن كېيىن سۇ كۆپ بىر جايغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردىن ئۆتۈشكە پۈتۈن بىر كۈن كەتتى. سۇدىن چىققان ھارۋا، ئات ـ ئۇلاغلار ناھايىتى زەخمەت چەكتى. لاي ـ لاتقىلار ئىچىدە مېڭىش ناھايىتى تەسكە توختىدى.

ئەمىر تۆلكى تېمۇر ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى بىلەن بىزنى ئالدىن يولغا سالدى ۋە ئازاق ئەمىرگە مەكتۇپ يېزىپ، مېنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىم بارلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە مېنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشقا ئەمىر قىلدى. بىز يولغا چىقتۇق. سۇ كۆپ يەنە بىر يەرگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردىن يېرىم كۈندە ئۆتتۇق، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىر ئازاق شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

### 4. ئازاق شەھىرى

ئازاق[14] دېڭىز بويىغا جايلاشقان، بىنالىرى گۈزەل بىر شەھەردۇر. سودا ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ شەھەرگە جېنۋېيىز ھەم باشقىلار كۆپرەك كېلىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە يەرلىك پىچىقچى قېرىنداشلار[15] بار ئىكەن. بۇ ئادەملەر بۇ شەھەرنىڭ مەرتىۋىلىك مەشھۇر زاتلىرىدىن بولۇپ، مۇساپىرلارنى قونالغۇ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل ئىكەن.

تۆلكى تېمۇرنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئازاق ئەمىرى مەھمۇد خاجە خارەزمىي ئۆزىنىڭ قازىسى ۋە شاگىرتلىرىنى ئېلىپ قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ. ئەمىر بىزگە يەنە ھاردۇق ئېشىمۇ ئەكەلدۈرۈپتۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن تاماق يېيىشكە كىرىشتۇق. ئاندىن كېيىن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى خىزىر ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەرنىڭ نامىغا سېلىنغان خانىقاغا چۈشكۈن قىلدۇق. ئەسلىي تېگى ئىراق ۋىلايىتىدىن، ھازىر ئازاق شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان رەجەپ ئىسىملىك بىر شەيخ بىزنى ئۆز خانىقاسىدا قوندۇردى. بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئەمىر تۆلكى تېمۇرمۇ يېتىپ كەلدى. ئەمىر مۇھەممەد ئۆزىنىڭ قازىسى ھەم شاگىرتلىرىنى ئېلىپ ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىقتى ھەم زىياپەت ھازىرلىدى. بۇ يەرگە ئۆزئارا تۇتاش ئۈچ چېدىر تىكىلدى، چېدىرنىڭ

بىرسى غەلىتە يېپەكتىن، قالغان ئىككىسى كەندىر رەختتىن تىكىلگەنىدى. ئەمىر تۆلكى تېمۇر يەرگە چۈشۈپلا مېنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭ مەقسىتى ئەمىر مۇھەممەدكە مېنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. بىرىنچى چېدىر تۆلكى تېمۇر ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ، تۆردە ياغاچتىن ياسىلىپ چىرايلىق بېزەلگەن بىر مۇنبەر بار ئىكەن، ئەمىر مەن بىلەن شەيخ مۇزەففەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا ئوتتۇرىدا يۇقىرىراق ئولتۇردى. ئۆزىنىڭ قازىسى، خاتىپى ھەمدە مەزكۇر شەھەرنىڭ قازىسى ۋە شاگىرتلىرى مۇنبەرنىڭ سول تەرىپىدىكى چىرايلىق گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى. تۆلكى تېمۇرنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە قېرىنداشلىرى ئەمىر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى خىزمەت قىلىشقا تەييار تۇردى. ئاندىن كېيىن ئات گۆشى ۋە باشقىلاردىن تەييارلانغان تائاملار تارتىلدى. ئات سۈتى ۋە بوزىلارمۇ كەلتۈرۈلدى.

ئاش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھاپىزلار ناھايىتى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن «قۇرئان» تىلاۋەت قىلدى. بىر مۇنبەر قويۇلۇپ ۋەز ـ نەسىھەت ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ «قۇرئان» ئوقۇدى. ناھايىتى ياخشى خۇتبىلەرنى ئوقۇدى، سۇلتان ھەم ئەمىر[15] مەجلىس ئەھلىگە ياخشى دۇئالارنى قىلدى. خۇتبە ۋە دۇئالارنى ئەرەبچە ئوقۇغاندىن كېيىن، تۈركىي تىلدا تەپسىر قىلدى. بۇ ئارىدا قارىيلار يەنە ناھايىتى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن «قۇرئان» ئوقۇپ تۇردى.

ئاندىن كېيىن ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركىي تىلدا ناخشىلار ياڭراپ كەتتى. ئەرەبچە كۈيلەر «قول»، تۈركچە كۈيلەر «مۇئەللىم» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە تاماق تارتىلدى. مۇشۇ رەۋىشتە تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئولتۇردۇق، مەن بىرقانچە قېتىم ماڭماقچى بولغان بولساممۇ، ئەمىر تۆلكى تېمۇر ئىجازەت بەرمىدى.

ئاندىن كېيىن كىشىلەر ئەمىرگە، ئەمىرنىڭ ئىككى ئوغلىغا، قېرىنداشلىرىغا، شەيخ مۇزەففەر بىلەن ماڭا كۆركەم كىيىملەرنى ھەدىيە قىلدى. ئەمىر تۆلكى تېمۇرگە، ئۇن ئىككى ئوغلى بىلەن قېرىنداشلىرىغا ئالتە ئات سوۋغا قىلدى، باشقىلىرىمىزغا بىردىن ئات سوۋغا قىلدى.

### 5. دەشتى قىپچاقتا ئات

بۇ مەملىكەتتە ئات ناھايىتى كۆپ، باھاسى ئەرزان ئىكەن. ئەڭ ياخشى ئات ئۆز يولى بويىچە 50 — 60 دىرھەم ئىكەن، بۇ بىزنىڭ بىر دىنارىمىزغا توغرا كېلىدىكەن. مىسىردىكى «ئاكادىيىش» دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلارمۇ مۇشۇ مەملىكەتتىن كەلتۈرۈلگەنىكەن. بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ بېيىش يولى ئات دەپ قارىلىدىكەن. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە قوي قانچىلىك نىسبەتتە بولسا، بۇ يەردە ئات شۇ نىسبەتتە ئىكەن. بۇ يەردىكى ئات بىزنىڭ قويلىرىمىزدىن كۆپ ئىكەن. بىر تۈركنىڭ بىرقانچە مىڭ ئېتى بار ئىكەن.

بۇ مەملىكەتتە ئات بېقىشنى مەقسەت قىلغان تۈركلەر خوتۇنلار ئۈچۈن، ھەربىر بالىلىرىغا بىر ئارشىن ئۇزۇنلۇقتىكى تاياق ئۈچىغا بىر قارىش ئۇزۇنلۇقتىكى كىگىزنى باغلاپ قويىدىكەن. شۇ كىگىز باغلانغان تاياقنىڭ ھەربىرى مىڭ تۇياق ئاتقا ۋەكىللىك قىلىدىكەن. مەن مۇشۇنداق تاياقلاردىن ئونى ئېسىلغان ھارۋىلارنى كۆردۈم[17].

يېتىلگەن ئاتلارنىڭ بىر قىسمى ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىلىدىكەن.

ھەربىر سودا كارۋىنى توشۇيدىغان ئات مىڭدىن ئاشىدىكەن. سودىگەرلەر ئەللىك تۇياق ئاتقا بىر مالچى ياللايدىكەن، بۇ مالچى ئاتلارنى كۆندۈرۈپ ھەيدەپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدىكەن. ئۇلار بۇلارنى «يىلقىچى» دەپ ئاتايدىكەن. ئەگەر بىر ئاتنى تۇتماقچى بولسا، ئاتقا مىنىپ قولىغا ئۇزۇن دەستىلىك سالغا (قولغا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېلىپ تۇتماقچى بولغان ئاتقا چەبدەسلىك بىلەن يېقىنلىشىپ، قولىدىكى سالغىنى ئاتنىڭ بويىنىغا تاشلاپ، سالغىنى تارتىپ كۆرۈپ تۇتقان ئاتقا مىنىۋالىدىكەن.

ئاتلار ھىندىستانغا بارغاندا ئوبدان يەم بىلەن بېقىلىدىكەن. چۈنكى سىندى (ھىندىستان) قىشلاقلىرىدا ئارپا ئۆستۈرۈلمەيدىكەن. بۇ سەپەردە نۇرغۇن ئات ئۆلىدىكەن ۋە بوغۇزلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىندىنىڭ شىشنىگار دېگەن يېرىدە ھەربىر ئاتتىن يەتتە دىنار كۈمۈش باج ئېلىنىدىكەن. سىندىنىڭ ئاستانىسى «مۇلتان»دا بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈنرەك باج ئېلىنىدىكەن. ئۆتمۈشتە توشۇپ ئەكېلىنگەن ئاتلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى باجغا تۇتۇپ قېلىنىدىكەن. مۇھەممەد ئۆزبېكخان بۇ ھەقتە ھىندىستان پادىشاھىغا خەت يازغاندىن كېيىن، بۇ بەلگىلىمە ئەمەلدىن قالغان ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىدىن زاكاتتىن باشقا ھەق ئالماسلىق، يات دىندىكى سودىگەرلەردىن ئوندىن بىر نىسبەت بويىچە باج ئېلىش ئېلان قىلىنغان. مۇشۇنداق كۆپ چىقىملار بولسىمۇ، ھىندىستاندا ئات سودىسى قىلغۇچىلار كۆپ پايدا ئالىدىكەن. چۈنكى، بۇ يەردە ناھايىتى ئەرزان بولغان ئاتلار ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ياخشى باھادا، ھەتتا يۈز دىنارغا سېتىلىدىكەن. بۇ بىزنىڭ مەغرىبتىكى يىگىرمە بەش دىنارغا باراۋەر ئىكەن. ھىندىستان خەلقى دەشتى قىپچاق ئاتلىرىنى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا مىنىش ۋە بىر نەرسە توشۇش ئۈچۈن ئالىدىكەن. ئەمما، بەيگە ۋە جەڭ ئاتلىرىنى يەمەن، ئومان ۋە ئىراندىن ئالىدىكەن. بۇ ئاتلارنىڭ باھاسى مىڭ دىناردىن ئاشىدىكەن.

### 6. ماجىر شەھىرىگە سەپەر

ئەمىر تۆلكى تېمۇر ئازاق شەھىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەن بۇ يەردە يەنە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئەمىر مۇھەممەد مېنىڭ سەپەر لازىمەتلىكلىرىمنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ماجىر شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتىم. بۇ ناھايىتى چوڭ شەھەر بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ھەم ئۇلۇغ شەھەرلىرىدىن ئىكەن، دەريا بويىغا جايلاشقان، باغۋاراڭ ۋە مېۋىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن[18].

بىز شەيخ مۇھەممەد باتائىخنىڭ سارىيىغا چۈشتۇق. بۇ ئادەم ئەھمەد لافارىنىڭ ۋارىسى بولۇپ، سارايدا ئەرەب، پارس، تۈرك ۋە رۇم قوۋملىرىدىن بولۇپ يەتمىشتەك مۇرشىد بار ئىكەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان، بەزىلىرى بويتاق ئىكەن. سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ سەدىقىسى بىلەن جان باقىدىكەن.

بۇ يەردىكى خەلقلەر مۇرشىدلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. ھەر كۈنى ئۇلارغا ئات، كالا ۋە قويلارنى سەدىقە قىلىپ تۇرىدىكەن. خۇسۇسەن سۇلتان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرى شەيخنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرى كېلىدىكەن. ئۇلار نۇرغۇن سەدىقە ـ ئېھسانلارنى قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. بولۇپمۇ خوتۇنلار كۆپرەك ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن كۆپرەك ئېھسان قىلىدىكەن.

بىز ماجىر شەھىرىدە جۈمە نامىزى ئوقۇدۇق، ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، بۇخارانىڭ فىقھە پازىللىرىدىن بولغان نۇرغۇن شاگىرتلارنىڭ ئۇستازى ئىزالدىدىن مۇنبەرگە چىقىپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. بۇ شەھەرنىڭ ئەمىرى ۋە مەشھۇر زاتلىرىنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. ئاندىن كېيىن شەيخ مۇھەممەد باتائىخ ئۆرە تۇرۇپ: ۋائىز، فىقھە ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ئىزالدىدىن سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز ئۇنىڭغا بىرئاز ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز» دەپ نەق مەيداندا ئۈچىسىدىكى تونىنى سېلىپ بەردى. بەزىلىرى ئات، بەزىلىرى پۇل ھەدىيە قىلدى. ھايال ئۆتمەيلا نۇرغۇن نەرسىلەر يىغىلدى.

بۇ شەھەردە بىر يەھۇدىينى[19] ئۇچراتتۇق، ئۇ ماڭا سالام بەردى ۋە ئەرەبچە پاراڭ قىلدى. مەن ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا: «مەن ئەندەلۇس مەملىكىتىدىن بولىمەن، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن قۇستانسىيەگە كەلگەنىدىم. كېيىن رۇم ۋە چېركەس شەھەرلىرىدە يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئەندەلۇس مەملىكىتىدىن ئايرىلغىنىمغا تۆت ئاي بولدى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى تونۇيدىغان سودىگەرلەر ماڭا: «بۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ» دېدى.

### 7. تۈرك خوتۇنلىرىنىڭ دەرىجىسى

بۇ شەھەردە بىر قىسىم ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردۈم، بۇ يەردىكىلەر خوتۇنلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىكەن. ئاياللارنىڭ ئورنى ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. مەن قىرىمدىن يولغا چىققاندا تۈرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدىم. ئەمىرنىڭ خوتۇنى «سارقىيە»نى ھارۋىدا كېتىۋاتقاندا كۆرگەنىدىم. پۈتۈن ھارۋا كۆك رەڭلىك كىگىز بىلەن بېزەلگەن، ھارۋا ئىشىكىنىڭ پەردىسى ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چىرايلىق ياسانغان تۆت دېدەك ئولتۇراتتى. دېدەك، مۇلازىم قىزلار ئولتۇرغان ھارۋا خوتۇن چۈشكەن ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ھارۋا ئەمىر تۇرۇۋاتقان يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتۇن ھارۋىدىن چۈشتى. ئوتتۇز دېدەك كېلىپ خوتۇننىڭ ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ پەشلىرىگە ئالتۇن تۈگمە، قاداقلار قوندۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىر دېدەك بىردىن تۈگمىنى تۇتقانىدى. خوتۇن ناھايىتى مەغرۇر ماڭاتتى. ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئاز قالغاندا، ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇنىغا سالام بەردى ۋە ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. دېدەكلەر خوتۇننى ئوراپ ئولتۇردى. قىمىز كەلتۈرۈلدى، خوتۇن قىمىزنى ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ، ئەمىرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئاياقنى ئەمىرگە سۇندى. ئەمىر ھەممىنى ئىچىۋەتتى، ئاندىن كېيىن خوتۇن ئەمىرنىڭ ئىنىسىغا قىمىز سۇندى. شۇ چاغدا ئاش تارتىلدى، ئەمىر خوتۇنى بىلەن بىللە غىزالاندى. ئەمىر ئۇنىڭغا كىيىم ھەدىيە قىلدى، ئاندىن كېيىن خوتۇنى قايتىپ كەتتى. تۈرلەرنىڭ خوتۇنلىرىمۇ مۇشۇ رەۋىشتە بولىدىكەن.

سودىگەر ۋە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ھارۋىدا سەپەر قىلىدىكەن، ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىرىنىڭ يېنىدا ئۈچ - تۆت دېدەك بولىدىكەن. خوتۇنلارنىڭ باش كىيىملىرى جاۋاھىراتلار[21] بىلەن زىننەتلىنىپ، ئەڭ ئۈستىگە توز پەيلىرى قادىلىدىكەن.

تۈرك خوتۇنلىرى چۈمبەردە تاقىمىغاچقا ئۆي ياكى ھارۋىلىرى ئوچۇق بولۇپ، يۈزلىرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدىكەن. ئەرلىرى ھارۋىنىڭ كەينىدىن قويلارنى ھەيدەپ، سۈت كۆتۈرۈپ ماڭىدىكەن. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئەتىر قاتارلىق چەرچىماللارنى سېتىۋالىدىكەن.

بەزى چاغلاردا ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىكەن. بۇنى بىلمىگەنلەر ئەرنى شۇ ئايالنىڭ قۇلىمىكىن دەپ قالىدىكەن. چۈنكى، بۇ ئەرنىڭ ئۇچىسىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تون بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىپ بۆك كىيىۋالىدىكەن. بۇ بۆكنى ئۇلار «كۇلاھ» دەپ ئاتايدىكەن[21].

**8. بەشتاغقا سەپەر**

مۇھەممەد ئۆزبېكخان[22]نىڭ ئوردىسى ماجىر شەھىرىگە تۆت كۈن يىراقلىقتىكى «بەشتاغ»[23] دېگەن يەردە بولغاچقا، بىز بەشتاغقا قاراپ سەپەر قىلدۇق. بۇ يەردە بىر بۇلاق بار ئىكەن، تۈركلەر بۇ يەرگە كېلىپ يۇيۇنىدىكەن. ئۇلار، بۇ يەردە بىر قېتىم يۇيۇنسا، كېسەل بولمايدۇ، دەپ قارايدىكەن[24].

بارگاھقا رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنجى كۈنى يېتىپ كەلدۇق، لېكىن قوشۇنلار بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەنىكەن. قوشۇننىڭ بىز كەلگەن يەرگە كۆچكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بىز ئەسلىدىكى ئورنىمىزغا قايتىپ كەلدۇق.

مەن ئېگىزرەك بىر جاينى تاللاپ چېدىر قۇردۇم ۋە چېدىرنىڭ ئالدىغا بايراق قادىدىم. ئات ۋە ھارۋىلارنى چېدىرنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇردۇم.

ئۇزاق ئۆتمەي قوشۇننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردۇق. گويا پۈتۈن بىر شەھەر كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندەك مەنزىرە كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى، مەسچىت ۋە بازارنىڭ ئوچاقلىرىدىن چىققان تۈتۈن ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. ئۇلار ھەربىي يۈرۈش ۋاقتىدا ھارۋىلاردا تاماق ئېتىپ يەيدىكەن. توختىغان يەرلىرىدە ئوچاقنى ھارۋىدىن ئېلىپ چۈشۈرۈپ يەرگە قويىدىكەن. بۇ نەرسىلەر ئېلىپ يۈرۈشكە قولاي قىلىپ ياسالغانىكەن. بۇلاردىن باشقا، مەسچىت ۋە دۇكانلارنى كۆچۈرۈپ يۈرىدىكەن. سۇلتاننىڭ خوتۇنلىرى

بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى، ھەربىرى ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى، جامائەتلىرى بىلەن ئايرىم توپ بولۇپ يۈرىدىكەن. سۇلتاننىڭ تۆتىنچى خوتۇنى ئەمىر ئەيسانىڭ قىزى چېچەرىم ئالدىدىكى بايراقنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ غېرىب مۇساپىر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ (بايراق ياقا يۇرتتىن كەلگەنلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى) ئۆزىنىڭ دېدەكلىرىنى قېشىمغا ئەۋەتىپتۇ. دېدەك ۋە يىگىتلەر سالام بەردى ۋە خوتۇننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. بۇ چاغدا خوتۇن ئۆزىنىڭ دېدەكلىرى ۋە يىگىتلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن ئۆز كىشىلىرىم ۋە تۆلكى تېمۇرىنىڭ مەنسەپدارىدىن خوتۇنغا ھەدىيەلەرنى ئەۋەتتىم، خوتۇن مېنىڭ ھەدىيەلىرىمنى خەيرلىك بىلىپ قوبۇل قىلدى ھەم ھەممىسىنى يېقىنراق يەرگە چۈشكۈن قىلىشقا بۇيرۇدى. سۇلتان كېلىپ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشكۈن قىلدى.

## 9. مۇھەممەد ئۆزبېكخان

سۇلتاننىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئۆزبېكخاندۇر، خان دېگەن سۆز بىزنىڭچە[25] «سۇلتان» دېگەن مەنىدە.

مۇھەممەد ئۆزبېكخان ئىنتايىن قۇدرەتلىك، باتۇر پادىشاھلاردىن بولۇپ، ئىدارە قىلىدىغان مەملىكەتتى ئىنتايىن چوڭ، قۇستانتىنىيە خەلقى بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەمىشە ئۇلاردىن غالىب كېلىپ تۇرىدىكەن. كىفە، قىرىم، ماجىر، ئازاق، سورداق[26]، خارەزم قاتارلىق شەھەرلەر ناھايىتى مەشھۇر ئىكەن. مۇشۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ پاسىبانىمىز خەلىفە ئەمرۇل ـ مۇئمىن مىسىر ۋە شام سۇلتانى، ئىراق سۇلتانى، تۈركىستان ۋە ماۋارەئۇننەھر سۇلتانى، دەشتى قىپچاق سۇلتانى، ھىندى سۇلتانى، جۇڭگو سۇلتانىدىن ئىبارەت بولغان دۇنيادىكى يەتتە پادىشاھنىڭ بىرسى مۇھەممەد ئۆزبېكخاندۇر.

ئەگەر بۇ سۇلتان سەپەرگە چىقسا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن خادىملىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى، ھەربىر خوتۇنى ۋە ئۆز كىشىلىرى بىلەن جامائە بولۇپ ماڭىدىكەن. ئەگەر سۇلتان خوتۇنلىرىدىن بىرەرسىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولسا، باشتا شۇ خوتۇنغا خەۋەر بېرىدىكەن، خوتۇن تەييارلىق قىلىپ ئۇنى قارشى ئالىدىكەن.

بۇ سۇلتاننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى غەلىتە ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە، مۇھەممەد ئۆزبېكخان ھەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن «ئالتۇن قۇببە» ئىسىملىك قۇببىدە ئولتۇرىدىكەن. بۇ قۇببە ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى نەپىس بېزەلگەنىكەن. ئوتتۇرىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۈمۈش بىلەن قاپلانغان ياغاچلاردىن ياسالغان كارىۋات بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئاستى كۈمۈشتىن ياسالغان، تۆۋرۈك سەللىسى جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەنىكەن[27]. مۇھەممەد ئۆزبېكخان مۇشۇ ئالتۇن كارىۋاتتا ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خوتۇنى تويتوغلى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كەبەك ئىسىملىك خوتۇنى ئولتۇرىدىكەن. سول تەرىپىدە بولسا خوتۇنى بەيلۇن، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئەردۇجا ئىسىملىك خوتۇنى ئولتۇرىدىكەن[28]. كارىۋاتنىڭ تۆۋەنكى ئوڭ تەرىپىدە ئۆزىنىڭ تەنبەگ ئىسىملىك ئوغلى، سول تەرىپىدە جانىبەگ ئىسىملىك ئوغلى، ئالدى تەرىپىدە ئىتكوچۇك[29] ئىسىملىك قىزى ئولتۇرىدىكەن. ھەربىر خوتۇنى كەلسە، سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزى ئولتۇرىدىكەن. بۇ خىل مۇراسىملار ئاممىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئېلىپ بېرىلىدىكەن[30].

ئاندىن كېيىن دۆلەت ئەركانلىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا تىزىلىپ ئولتۇرىدىكەن. سۇلتان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ئەمەلدار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇندۇقىنى ئەر مۇلازىملىرىغا كۆتۈرتكۈزۈپ قويىدىكەن.

سۇلتاننىڭ ئالدىدا شاھزادىلەر ۋە نەۋرىلەر ئۆرە تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى دەرۋازىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە ئەمەلدارلارنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدە سانغۇنلار ئوڭ ـ سولغا بۆلۈنۈپ ئۆرە تۇرىدىكەن. مۇشۇ رەۋىشتە سەپلەر تۈزۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئۇلۇغلىرى ئۆچتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ سۇلتان ھوزۇرىغا سالامغا كېلىدىكەن. سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، يىراقتا ئولتۇرى ـ

دىكەن. ئاندىن كېيىن خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ تۇرالغۇسىغا قايتىدىكەن. ھارۋىنىڭ ئالدىدا ھارۋىلىق قاراۋۇللار ماڭىدىكەن. ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن يىگىرمە نەپەر ئاتلىق قوشۇن ماڭىدىكەن. چوڭ توپنىڭ كەينىدىن يۈزچە بالا قۇل ۋە قاراۋۇل يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا يۈز نەپەر ئاتلىق قۇل ماڭىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بەللىرىگە كەمەر تاقىغان، قوللىرىدا قىلىچ، نەيزە تۇتقان يۈزچە قۇل ئاتلىق قوشۇن بىلەن يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ماڭىدىكەن. ھەر جۈمە كۈنى «ئالتۇن قۇببە»گە كەلگەن ۋە قايتىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا، ھەربىر خوتۇن مۇشۇ رەۋىشتە قائىدىلەرنى تاماملايدىكەن. مۇشۇ بارگاھتا مېنىڭ تۇرالغۇم شاھزادە جانىبېكنىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىن ئىدى. كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى پېشىن، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن سۇلتان ھوزۇرىغا كىردىم. سۇلتان شەيخ، قازى، فىقھشۇناس، ۋەلىيلەر ۋە سوپىلارنى تاماققا چاقىردى. سۇلتان ھوزۇرىدا ئىپتار قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەۋلادى، زىندانبېگى سەئىد ئىبنى ئابدۇلھەمىد بىلەن قازى ھەمزە مەن ھەققىدە ياخشى سۆزلەرنى ئېيتتى ۋە مېنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا سۇلتانغا ئىشارەت قىلدى. بۇ تۈركلەر مېھمانلارنى قانداق قوندۇرۇش، كۈتۈشنى بىلمەيدىكەن. پەقەت سويۇشقا قوي، ئات، ئۆچكە قىمىز بېرىدىكەن. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، سۇلتان بىلەن بىللە شام نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەن خوشلاشماقچى بولدۇم. سۇلتان مېنى بىردەم ئولتۇرۇپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى. قوي ۋە ئات گۆشلىرىنى كەلتۈردى[31].

ئىزاھاتلار:

① بۇ يەردىكى ئابدۇللا دېگەن نام «دائىرەتول - مەئارىف» دېگەن ئەسەردە چۈشۈپ قالغان. شۇڭا، «قامۇسۇل - ئەلەم»دە ئۇچرىمايدۇ.

② «ئىبنى بەتۇتەنىڭ خاس شەھىرىگە كېلىپ مۇتەۋەككىل ئەبۇ ئىنا ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىندىم» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، بۇ ھىجرىيە 750 - يىلى (مىلادىيە 1349 - يىلى) نويابىرنىڭ باشلىرى ئىدى، ئازراق تۇرۇپ بۇ يەردىن تەنجىگە قايتىپ كەتكەن.

③ ھىجرىيە 1264 - يىلى بېسىلغان نەسرۇل ھۇزى نۇسخىسى بىلەن پارىژ نۇسخىسىدىكى مەزمۇنلار بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

④ سىنوپ شەھىرى، ھازىرقى تۈركىيەنىڭ قىمىستمۇنى ۋىلايىتىگە تەۋە قارا دېڭىز بويىدىكى شەھەر.

⑤ كەرىچ قىرىم ئارىلىدىكى مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ ئىسمى.

⑥ كەيفە شەھىرى قىرىم ۋىلايىتىدىكى مەشھۇر شەھەر بولۇپ، روسچە «فىيدوسىيە» دېيىلىدۇ. 1770 - يىلى رۇسلار ئىشغال قىلغان.

⑦ قىرىم شەھىرى بۇرۇنقى زاماندا «كونا قىرىم » ۋە «سالقات» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ھازىر «تاۋرىيەچىسكى» ۋىلايىتى «فىيدوسىيە» ناھىيەسىدە بولۇپ، «فىيدوسىيە»نىڭ غەربىگە 22 چاقىرىم كېلىدۇ. 4000 چە نوپۇسى بار بولۇپ، خەلقى ئەرمەن، تاتار بۇلغارلىرىدۇر.

⑧ شەيخ ئىبنى بەتۇتە بۇ يەردە سەل ئاشۇرۇۋەتكەندەك قىلىدۇ.

⑨ مەزمۇنى ئەسلىي تېكىست بىلەن بىردەك.

⑩ ئەسلىي تېكىستتە دېيىلمۋاتقان «دوقى» تېرىق يارمىسى بولۇشى مۇمكىن.

⑪ بۇ زاماندا قوشۇق يوق ئوخشايدۇ، باشقا قوۋملار بۇ ۋاقىتتا قوشۇق بىلەن تاماق يېمەيتتى.

⑫ ئەسلىي تېكىستكە ئاساسلانغاندا، تۈركلەردىمۇ بۈگۈنكى كۈندە «ئارىشتە» دېيىلىدىغان تاماق بولۇپ، خېمىردىن تەييارلىنىدۇ.

⑬ دۇخان — تېرىق، شۇڭا ئىبنى بەتۇتە تىلغا ئالغان «دوقى» دېگەن تاماقنى تېرىق يارمىسى دېيىش چۈشىنىشلىك بولدى. «بوزا»نىڭ تېرىق ئۇنىدىن ياسىلىدىغانلىقى مەلۇم.

⑭ بۇ شەھەردە ھازىرقى رۇسىيەنىڭ «يېكاتىر يوسلاف»نىڭ غەرب تەرىپى، دون دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئا-

زوُف شەھىرىدۇر. بۇ شەھەرنى ھازار تۈركلىرى بىنا قىلغان. ئىبنى بەتۇتە تىلغا ئالغان ئۇلۇغسۇ بەلكىم دون دەرياسى ياكى ئۇنىڭ بەزى تارماقلىرى ياكى ئازوف دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان قىسمى بولۇشى مۇمكىن.

⑮ مەككە شەھىرىدە «ھەلىفۇل ـ فەزەل» نامىدىكى جەمەت بولغانىغا ئوخشاش قەدىمكى تۈركلەردىمۇ شۇنداق خىزمەتنى قىلىدىغان جەمئىيەتلەر بولغان، بۇ جەمئىيەت ھەر ۋىلايەت، شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يولۇچىلارنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاجىز مەزلۇملارغا ياردەم قىلىش، زالىم، خىيانەتچىلەرنى جازالاش ئىدى، بۇنىڭ ئەزالىرى توي قىلمىغان ساغلام يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئىدى، ئىبنى بەتۇتە ئۇلارنى «اخى» ۋە «الفىينان» دەپ تەرىپلەيدۇ، بۇلارنىڭ ئۆز تىلى بولغان تۈركچىدە ئىنتايىن مەشھۇر بىر ئىسىم بولغان، ئەمما ئۇنى تېپىشقا مۇمكىن بولمىدى، باشقا خاتىرىلەردىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەرلەر ئۇچرىمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ئورۇندا «قېرىنداش» دەپ تەبىر بەردۇق. «قېرىنداش» دېگەن سۆز بىر قورساقتىن تۇغۇلغان دېگەنلىك بولسىمۇ، ئاكا ـ ئۇكا ھەم يېراق تۇغقانلارمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ، ئىبنى بەتۇتە تىلغا ئالغان قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە لەقەملىرى بارلىقى مەلۇمدۇر.

⑯ ئەمىر تۆلكى تېمۇر بولۇشى مۇمكىن.

⑰ شۇ كىشىنىڭ ئون مىڭ ئېتى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

⑱ ماجىر ھازىرقى ئاستاۋۇرپۇل ۋىلايىتىدىكى پىياتى گورىسكى ناھىيەسىدىكى قەدىمكى شەھەر بولۇپ، ئەمىر تۆمۈر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. فىروز ئابادنىڭ «قامۇس»ىدا: «ماجىر بىلدە بيىن خراي و ازاق» دېگەن باياندا ئۇ خاتالاشقان بولۇشى مۇمكىن، «خراي» دېگەن سۆزنىڭ «ساراي» ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك، ماجىر، ساراي بىلەن ئازاق ئارىسىدا بولماستىن، ئازاقنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. «قامۇسول ـ ئەلەم»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر «تەرك» دەرياسى بويىدا، قارامىزنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، قۇما دەرياسى بويىدادۇر (2 ـ جىلد 214 ـ بەت)، كېيىنكى بەتتە ئىبنى بەتۇتەنىڭ «بەشتاغدىن ماجىرغا سەپەر قىلدۇق» دېگەن ئىبارىسى قارامىزنىڭ سۆزىدىن ئېلىنغانلىقى ئېنىق.

⑲ ئەسلىي تېكىستتە قەيسەرىيە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، مەن بۇ سۆزگە ئورۇن تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن تەرجىمە قىلمىدىم.

⑳ بۇ مەزمۇنلار ئەسلىي تېكىست بىلەن بىردەك.

㉑ كۇلاھ ــ باش كىيىم.

㉒ ئوردۇ بولسا ئەسكەر تۇرىدىغان ئورۇن، ئوردا بولسا قاغان، پادىشاھلارنىڭ تۇرىدىغان ھەرەملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

㉓ مۇشۇ سۆزدىن «ماجىر» شەھىرىنىڭ ئورنىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. بەشتاغ ھازىرقى «پىياتىگورىسكى» دېگەن يەردە.

㉔ بۇ يەردىكى ئارشاڭ سۇيىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تۈركلەر ئالللىقاچان بىلگەن.

㉕ ئەرەبچە دېمەكچى.

㉖ سارىغ تاۋ ــ سېرىقتاغ، ساراتوف.

㉗ ئىبنى بەتۇتە بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆزلەرنى تۈركلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغانلىقىغا مىساللار كەلتۈرىدۇ.

㉘ مۇشۇ «ئالتۇن قۇببە» سەۋەبىدىن دەشتى قىپچاق خانلىقى «ئالتۇن ئوردا» (رۇسچە زولوتوي ئوردا) دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم.

㉙ بۇ خوتۇنلارنىڭ ئىسمى باشقىچە بولسا كېرەك، ئىبنى بەتۇتە ئۆز تىلىغا كەلتۈرۈپ يازغان بولۇشى مۇمكىن.

㉚ ئوغۇللار، قىزلار ھەممىسى بىر سەپ بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

㉛ ئىپتار قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن تەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئاكادېمىيەسىدە، ھەسەنجان جۇمەخۇن بىلەن مۇھەممەتجان قادىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا)

سابىت روزى



# «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە كېيىنكى نەشرلىرى ھەققىدە

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچىنچى نەشرىنىڭ 1 ـ تومى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىلىم دۇنياسى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىش.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەيمىز)نىڭ تۇنجى قېتىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنغىنىغا 30 يىلدىن ئاشتى. مۇشۇ 30 يىل جەريانىدا «دىۋان» ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىپتۇ. «دىۋان»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنغانلىقىنى كۆپ ئادەم بىلىدۇ، لېكىن ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ قاچان ۋە قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، بۇ خىزمەتكە كىملەرنىڭ قاتناشقانلىقى، ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. شۇڭا، بۇ ماقالىدە «دىۋان»نىڭ تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىش خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ جەريانى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك») ناملىق بۇ كىتابىنىڭ كۆچۈرۈلگەن (قول يازما) نۇسخىسى 1914 ـ يىلى تۈركىيەدە تېپىلغان. (ھىجرىيە 1333 ـــ 1335 ـ يىللىرى) مىلادىيە 1914 ـــ 1917 ـ يىللىرى بۇ (قول يازما) كىتابنى تۈركىيەدە مەتبۇئاتچىلاردىن كېلىسلىق مۇئەللىم رىفئەت ئۈچ توملۇق قىلىپ ئەرەبچە مىخ مەتبەئەدە باستۇرۇپ چىقارغان. كېيىن تۈركىيەلىك بېسىم ئاتالاي بۇ ئەسەرنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە تونۇشتۇرغان.

بۇ كىتاب ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئېلىمىزگە مەلۇم بولغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن قەشقەردە قۇتلۇق شەۋقى ۋە ئابدۇقادىر داموللاملارغا ئوخشاش ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار چەت ئەللەردە ئوقۇش جەريانىدا تۈركىيەگىمۇ بارغان. ئۇلار شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كېلىسلىق رىفئەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دىۋان»نىڭ ئەرەبچە مىخ مەتبەئەلىك نۇسخىسىنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتابنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. مەسىلەن، 1946 ـ يىلى چۆچەكلىك ئىسمايىل داموللا «دىۋان»نىڭ 1 ـ تومىنى تەرجىمە قىلغان.

1951 ـــ 1953 ـ يىللىرى ئاكا ـ ئۇكا مۇھەممەد پەيزى بىلەن ئەھمەد زىيائى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «دىۋان»نىڭ تەرجىمە ئارگىنالىنى قولدىن چىقارغان. 1963 ـــ 1966 ـ يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن «دىۋان»نىڭ ئۈچىنچى تەرجىمە نۇسخىسى ئىشلەنگەنىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ تەرجىمىلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىغان.

11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن مەملىكىتىمىزدە ئىلىم ـ پەننىڭ باھارى قايتا يېتىپ كەلدى. پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى قولغا ئېلىش مۇمكىنچىلىكى

تۇغۇلدى.

1978 ـ يىلى يازدا تيەنجىندە مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تارىخشۇناسلىق يىغىنى ئېچىلغان. يىغىندا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىلىرى كونكرېتنى قويۇلغان. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ۋەكىللەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. يىغىندا بۇ تەكلىپ قىزغىن قوللاشقا ئېگە بولۇپ، مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. ئىلگىرىكى تارىخلاردا تۈرك ۋە ئەرەب ئالىملىرىغا مەلۇم بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيەدە تېپىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ كىتابنىڭ ئالىمنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنماقچى بولغانلىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە زور خۇشاللىق ئىش ئىدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1978 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ تىل تەتقىقات بۆلۈمى ئاساسىدا قۇرۇلغانىدى. مانا شۇنداق ياخشى باشلىنىش نەتىجىسىدە، 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇ خىزمەت ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىرلىكتە ئىلمىي خادىملارنى جەلپ قىلىپ، مەخسۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى›نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. بۇ خىزمەتكە يەنە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئىلمىي خادىملار تەكلىپ قىلىندى.

بۇ گۇرۇپپا ئۆز ئىچىدە يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدىغان ئىككى مەخسۇس گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنىدى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمىتىگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇسالام ئاباس ۋە سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن خۋا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتنى يېقىندىن قوللىدى، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا يېتەرلىك مەبلەغ ئاجراتتى ۋە بۇ گۇرۇپپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

ئابدۇسالام ئاباس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، ئابدۇرېشىت قارىي سابىت، داموللا ئابدۇلھەمىت يۇسۇفى، خەلىم سالىخ، ھاجى نۇرھاجى، ئوسمان مۇھەممەتنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىق يولداشلار ئۇيغۇرچە تەرجىمە گۇرۇپپىسىغا؛ خې رۇي، دېڭ يى (چىن زۇڭجىن)، شاۋ جۇڭيى، ليۇ جېنجا قاتارلىق يولداشلار خەنزۇچە تەرجىمە گۇرۇپپىسىغا تەكلىپ قىلىندى. ئابدۇسالام ئاباس گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى، ئىبراھىم مۇتىئى (1 ـ، 2 ـ، 3 ـ تومدا) مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى، ئىمىن تۇرسۇن (1 ـ، 2 ـ تومدا) مۇھەررىرلىكىنى، مىرسۇلتان ئوسمانوف (2 ـ، 3 ـ تومدا) مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. خې رۇي خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمەت ئورنى ئۇ چۇن شۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مېھمانخانىسىدىن بىرقانچە ئېغىز ئۆي ئاجرىتىل-

غانىدى ۋە ھەر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتى تەڭلا باشلانغانىدى.

بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئاساس قىلماقچى بولغان كىتاب يازما نۇسخىسىنىڭ 1941 ـ يىلى بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان فاكسىمىل (فوتو نۇسخىسى) ئىدى. بۇ كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقانىكەن. بۇ كىتاب گۇرۇپپىمىزغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن خىزمەت رەسمىي باشلاندى ۋە بىرقانچە ئىشلار ئىشلەندى:

بىز تەرجىمىدە ئاساس قىلغان فاكسىمىل رەڭسىز بولۇپ، ئۇ چاغلاردا تېخنىكىلىق سەۋەبلەر ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى، رەڭلىك شەكىلدە بېسىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا كىتابنىڭ ھەرپلىرى قارا بولۇپ چىقاتتى. كىتابتا بەزى ھەرپلەرنىڭ ئۈچۈق بولماسلىقى ۋە كىتاب بەتلىرىدىكى داغلار سەۋەبلىك بەزى ئېنىقسىزلىقلار كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئەسلىي قول يازمىدىكى قارا، قىزىل خەتلەر (ھەرپلەر) ئوخشاشلا قارا بولۇپ چىقاتتى. كىتابتا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن ياكى تۈزىتىلگەن ھەرپلەرنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن ئىدى. مانا مۇشۇ خىل ئەھۋاللارنى فاكسىمىلدىن كۆرۈپ پەرقلەندۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قولىمىزدىكى فاكسىمىلنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك ئىدى.

ماتېرىيال مەنبەيىمىز ئاجىز ئىدى. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ھەرخىل كىتاب (لۇغەت) ماتېرىياللار بولۇش لازىم ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ قولىمىزدا تۆۋەندىكى ماتېرىياللار بار ئىدى، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

1. بېسىم ئاتالاي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك تەرجىمىسى» 2 ـ، 3 ـ توم، 1939 ــ 1941 ـ يىللار.

2. بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» يازما نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى (فوتو نۇسخىسى 1941 ـ يىلى).

3. بېسىم ئاتالاي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك دىزىنى» (ئېندىكس 1943 ـ يىلى).

4. سالىھ مۇتەللىپوف: «تۈركىي سۆزلەر دىۋانى» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم. تاشكەنت، 1960 ــ 1963 ـ يىللار.

5. غ.ئابدۇراخمانوف ۋە س . مۇتەللىپوف: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك. ئېندىكس ـ لۇغەت» تاشكەنت. 1967 ـ يىلى.

6. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (ئەرەبچە باسما نۇسخا، مۇئەللىم رىفئەت 1914 ــ 1917 ـ يىللار (كۆپەيتىلگەن نۇسخا).

7. «ئەرەب ئېلىپبەسىگە ئاساسەن، دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك دىزىنى» (ئېندىكس). نەشرگە تەييارلىغۇچى دەھرى دىلچىن. 1957 ـ يىلى.

8. ئەھمەد جەفەر ئوغلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 1968 ـ يىلى.

9. ئەرەبچە چوڭ لۇغەت «منجد» («مۇنجىد»).

10. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1969 ـ يىلى لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تۈركىي تىللار لۇغىتى».

بۇلارنى توپلاپ گۇرۇپپىمىزغا يۆتكەپ كەلدۇق. بۇ كىتابلاردىن ئارىيەت ئېلىشقا مۇمكىن بولغانلىرىنى ئارىيەت ئالدۇق، كۆپەيتىشكە مۇمكىن بولغانلىرىنى كۆپەيتتۇق.

بىزدە يەنە شۇ چاغلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ماتېرىياللار يوق ئىدى. مەسىلەن، ئورخۇن ئابىدىلىرىگە دائىر ماتېرىياللار، تۇرپان تېكىستلىرىگە دائىر ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك يادىكارلىقلىرىمىزغا دائىر ماتېرىياللار يوق ئىدى. بۇ ھەقتە بەزى ئالىملارنىڭ ئەمگەكلىرىدە ئۇچرايدىغان تارقاق ماتېرىياللار (ئەسەرلەردىن پارچىلار) بولسىمۇ، شۇ چاغلاردا ئۇلارنى توپلاپ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغانىدى.

بىز خىزمىتىمىزنى يېڭى باشلىغان چاغلاردا تەرجىمىمىزنى باشقا لۇغەت ـ كىتابلارغا سېلىشتۇرۇش قاتارىدا كلاۋسوننىڭ لۇغىتىگە سېلىشتۇرۇشمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. گىراد كلاۋسون تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «13 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىلىنىڭ ئېتمولوگىيەلىك لۇغىتى» 1972 ـ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى تۈركىي تىللار ساھەسىدە ياخشى تۈزۈلگەن لۇغەتلەردىن بولۇپ ھېسابلىناتتىكەن. روبېرت دانكوف ۋە جامىس كېللىيلار «دىۋان» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە بۇ لۇغەتكە باھا بېرىپ: «بۇ لۇغەت بېسىم ئاتالايىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كېيىن ‹دىۋان› تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى مۇھىم تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كلاۋسون بۇ لۇغىتىدە ‹دىۋان›نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىدىكى ئەسلىي تېكىستنى نەقىل كەلتۈرگەن. بۇنىڭغا ئومۇمەن ھەربىر مۇھىم سۆزلەمگە بېرىلگەن ئىزاھاتنى ئەرەبچە پۈتى تولۇق ئالغان. بەزىدە باشقا مىساللارنى ياكى بىر سۆزنىڭ ‹دىۋان›دا كۆرۈلىدىغان ھەممە شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ ئۆز ئەسىرىدە سۆزلەرنىڭ تارىخىي پىرىنسىپ ئاساسىدىكى توغرا تەلەپپۇزىنى تىكلەشكە تىرىشقان» دېگەن (قاراڭ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى. پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي قىسمى. 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان). ئەپسۇسكى، ئۇ چاغلاردا بۇ لۇغەتنى تېپىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغانىدى.

«دىۋان»نىڭ تىرانسكرىپسىيەسىنى ئىشلەش كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم خىزمەتلەردىن بولۇپ ھېسابلىناتتى. «دىۋان»دىكى سۆز (سۆزلەم) ۋە مىساللار ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغاچقا، ئۇنى ئوقۇش ۋە تەلەپپۇز قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس، ئادەتتە بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن تىرانسكرىپسىيەسى بىلەن قوشۇپ نەشر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تىرانسكرىپسىيە دېگەن بۇ لاتىنچە سۆز تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، تىلدىكى نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇزىنى شەرتلىك بەلگە ۋە ھەرپلەر سىستېمىسىدا ئەكس ئەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. «دىۋان»نىڭ تىرانسكرىپسىيەسى شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتمەسلىك ئاساسىدا ئىشلەنگەن تىرانسكرىپسىيەدۇر. «دىۋان»دىكى ھەربىر تۈركىي سۆز ۋە مىسالغا مانا شۇ ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن تىرانسكرىپسىيە بېرىلگەنىدى. 1979 ـ يىللار شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېزىقى ئىككىنچى قېتىملىق «يېزىق ئۆزگەرتىش»نى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان، يەنى لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبەسى ئاساس قىلىنىپ لايىھەلەنگەن يېڭى يېزىقنى قوللىنىۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ يېزىق 1964 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق يىغىنىدا رەسمىي ئۇيغۇر يېزىقى سۈپىتىدە ماقۇللانغان، 1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلانغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش ھەققىدە بۇيرۇق ئېلان قىلغان يېزىق ئىدى. مانا شۇنداق بولغاچقا، مەتبۇئاتتا، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يېڭى يېزىق ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلماقتا ئىدى. شۇڭا، بىزمۇ «دىۋان»نىڭ 1 ـ توم ئارگىنالىنى يېڭى يېزىقتا تەييارلىغان ۋە «دىۋان»نىڭ تىرانسكرىپسىيەسىنى ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلىگەنىدۇق. مەلۇم بىر تىرانسكرىپسىيەنىڭ شۇ مىللەت قوللىنىۋاتقان يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇشى ئىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ياخشى ئىش. «دىۋان»نىڭ 1939 ــ 1941 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان تۈركچە تەرجىمىسى، 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە تەرجىمىسى ۋە يېقىندا ــ 2005 ـ يىلى نەشر قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز «دىۋان»دا قوللانغان تىرانسكرىپسىيەلىك بەلگىلەرنى (ھەرپ شەكىللىرىنى) ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق

ۋە تىرناق ئىچىدە ئۇلارنىڭ خەلقئارا ترانسكرىپسىيەدىكى تەڭداشىنى كۆرسىتىپ قويدۇق. «دىۋان»نىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەشرلىرىدىمۇ مۇشۇ ترانسكرىپسىيەنى داۋاملىق قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز.

گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ۋەزىپىسىگە مەسئۇل ئىدى. ئابدۇسالام ئابباس گۇرۇپپىمىزنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى بولۇپ، گۇرۇپپىمىزغا ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلاتتى. ھاجى نۇرھاجى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. باشقا يولداشلارمۇ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلاتتى. ھەرقايسى توملار ئۈچۈن مەخسۇس تەرجىمە قىلغۇچىلار بەلگىلەنگەنىدى. «دىۋان»دا بېرىلگەن قائىدىلەرنىڭ تەرجىمىسىنى 1 ـ تومدا داموللا ئابدۇلھەمىد يۈسۈفى بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوف، 2 ـ، 3 ـ توملاردا ئابدۇرېشىت قارىي سابىت بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوف ئىشلىگەنىدى. 1 ـ تومنىڭ لېكسىكا تەرجىمىسىنى دەسلەپتە كوللېكتىپ ئىشلىگەن، لېكىن تەجرىبىلەر بۇنداق كۆپ توملۇق، چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆپ ئادەم ئىشلىسە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ تومنىڭ لېكسىكا قىسمىنى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئۈستىگە ئالدى. 3 ـ تومنىڭ لېكسىكا قىسمىنى خەلىم سالىخ بىلەن سابىت روزى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى.

«دىۋان»نىڭ لېكسىكا قىسمىنى تەرجىمە قىلىشتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ماتېرىياللىرىدىن پايدىلاندۇق. خىزمىتىمىز جەريانىدا دىيالېكتلارنىڭ رولى چوڭ بولدى. ئەگەر «دىۋان»نىڭ سۆزلەملەر تەركىبىدىكى بىرەر سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى ياكى يەرلىك شېۋىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئالدى بىلەن ئۇ سۆزنى قوبۇل قىلدۇق. مەسىلەن، «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان «سارىغۇچ، خوتۇنلار رومىلىنىڭ بىر خىلى»[①]. بۇ سۆزنى ئاتۇش، قەشقەر تاشمىلىق رايونىدا ھازىرمۇ «سارىغۇچ» شەكلىدە قوللىنىلىدىكەن. «شىش، زىخ.[②] بۇ سۆز قومۇل رايونىدا ھازىرمۇ «شىش» شەكلىدە قوللىنىلىدىكەن. «گبالى ـــ كېپلە، كېپىنەك»[③] بۇ سۆز ئاتۇش ۋە يېڭىسار رايونلىرىدا ھازىر «كېپلە» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدىكەن.

گۇرۇپپىمىز يەنە «دىۋان» تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىققان ۋە بۇ قائىدىلەر ‹‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا ئىزاھات» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تەرجىمىمىزنىڭ 1 ـ توم باش قىسمىغا بېرىلگەنىدى. بۇ بىزنىڭ «دىۋان»نى تەرجىمە قىلىشتا قانداق يول تۇتقانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

«دىۋان» 1 ـ تومنىڭ باش تەرىپىگە «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» ماۋزۇسى ئاستىدا ئۇزۇن بىر ماقالە بېرىلگەنىدى. بۇ «دىۋان»نى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي ماقالە ئىدى.

«دىۋان» 1 ـ تومنىڭ تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى («دىۋان»نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى) 1980 ـ يىلىنىڭ 5 ـ، 6 ـ ئايلىرىدا ئاياغلاشقان بولسا كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇلاپلا 2 ـ، 3 ـ توملىرىنىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. «دىۋان»نىڭ 2 ـ، 3 ـ توملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، نەشرگە تەييارلاش ئىشىمۇ مۇشۇ يۇسۇندا داۋام قىلدى.

«دىۋان» توملىرىنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا تىل تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرىمۇ مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلغانىدى. مەسىلەن، 1980 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا ـــ «دىۋان»نىڭ 1 ـ تومىنى

---

① «دىۋان» تۇنجى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 634 ـ بەت.
② «دىۋان» تۇنجى ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم 432 ـ بەت، 3 ـ توم 173 ـ بەت.
③ «دىۋان» تۇنجى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 585 ـ بەت.

ئىشلەۋاتقان چاغلاردا ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوفلار ئاتۇش ۋە يېڭىسار ناھە-
يەسى سۆگەت رايونىنىڭ تېتىر دېگەن يېرىدە «دىۋان» 1 ـ تومىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە ئالاقىدار لېك-
سىكا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولغانىدى.

يەنە 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1983 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا «دىۋان»نىڭ 3 ـ تومىنىڭ تەرجىمە
ئارگىنالىنى تەھرىرلەپ بېكىتىش خىزمىتى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئىبراھىم مۇتە-
ئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف ۋە قەشقەر شەھىرىدە ئابدۇرېشىت قارىي سابىت قاتناشقانىدى. شۇ جەريانىدا
ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوفلار قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىنى
نۇقتا قىلغان ھالدا بىر نۆۋەت ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ ئاساسەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ
يۇرتى، ھاياتى، مازارى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش بولۇپ، ئۇلار ئۆز تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا بىر ماقالە
ئېلان قىلغان ۋە ماقالىدە ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازارىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى ئىكەن-
لىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئىلمىي مەلۇماتلارنى بەرگەن[1]. مۇشۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسەن،
1983 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ھەزرىتى
موللام» مازارىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى دەپ تونۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق
قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلغان.

«دىۋان»نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملىرىنى تىزىش ۋە بېسىش خىزمىتى ئۈرۈمچىدە شىنخۇا باسما زاۋۇ-
تىدا ئىشلەنگەنىدى. ئەمدى «دىۋان»نىڭ تىزىش ـ بېسىش خىزمىتى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى: كى-
تابنى تىزىش ۋە بېسىش مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. كىتابتا دىئاكرىتىك بەلگى-
لەر قويۇلغان ئەرەب ھەرپلىرى ۋە لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيە بولغانلىقتىن، بۇنداق
كىتابلارنى بېسىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا، گۇرۇپپىمىز باسما زاۋۇتتىكى ئىشلارغا ياردەملە-
شىش ئۈچۈن خەلىم سالىخ، سابىت روزى قاتارلىق ئىككى كىشىنى زاۋۇتتا ئىشلەشكە بەلگىلىگەنىدى.
ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى نابۇرچىكلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىش ۋە بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتىن
ئىبارەت ئىدى. بىز «دىۋان»نى تەرجىمە قىلىۋاتقان چاغلاردا شىنخۇا باسما زاۋۇتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەييار-
لىقىنى باشلىۋەتكەنىدى. شىنخۇا باسما زاۋۇتى شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى چوڭ باسما زاۋۇتلىرىنىڭ بىر-
سى ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدا باسما زاۋۇتتا «دىۋان»نى تىزغۇدەك ئەرەبچە ھەرپ شەكىللىرى يوق ئىكەن.
شۇڭا، زاۋۇت رەھبەرلىكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1979 ـ يىلى مىجىت ھېكىم (تېخنىك)،
رەقىپ ئابدۇراخمان ۋە ئابدۇۋەلى ئابدۇللا (تىزىش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) قاتارلىق ئۈچ كىشىنى
مەخسۇس بېيجىڭغا ئەۋەتكەن. ئۇلار بېيجىڭدا بىر ئاي تۇرۇپ بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى نەشرىياتى باس-
ما زاۋۇتىدىن ئەرەبچە ھەرپلەرنىڭ ئانا قېلىپى (مىستىن تەييارلانغان خەت نۇسخىسى)نى ئېلىپ كېلىپ،
ئۇنى سۈرەتكە تارتىپ نىگاتىپ چىقىرىپ سىنك بەت تەييارلىغان. ئۇ چاغلاردا دىئاكرىتىك بەلگىلەر (زىر ـ
زەۋەرلەر) ھەرپتىن ئايرىم بولغاچقا، ئۇلارمۇ قولدا قىرقىپ ياكى ئويۇپ ياسىلىپ ئاندىن ھەرپلەرنىڭ
ئۈستىگە چاپلىناتتى. دىئاكرىتىك بەلگىلەرنى ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە چاپلىغاندا، بەزىدە بىرئاز ئېگىز ـ
پەسلىكلەرمۇ بولاتتى. مانا بۇلار جاپالىق، ئىنچىكە ئىشلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشچىلارنىڭ قولى
بىلەن ياسىلاتتى.

ھەرپ تىزىپ بەت ياساشقا مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا رەقىپ ئابدۇراخمان، پەتتار،
تۇرسۇنخان، سەيدەم، ئابدۇۋەلى ئابدۇللا ۋە باشقا بىرقانچە يولداشلار بار ئىدى. رەقىپ ئابدۇراخمان بەت-
چىك (بەت ياسىغۇچى) بولۇپ، دىئاكرىتىك بەلگىلەرنى ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ (چاپلاپ) بېرەتتى.

---

[1] ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ھاياتى، مازارى توغرىسىدا»، «تارىم ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان.

ھەرپ تىزىش ۋە بەت ياساش جەريانىمۇ بەك مۇرەككەپ ئىدى. «دىۋان»نى تىزىش ئۈچۈن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ كاسسىسى ئىشلىتىلگەنىدى. ھەرپ تىزغاندا ئەرەب يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە لاتىن يېزىقى (تىرانسكرىپسىيە)دىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىق تەڭ قوللىنىلغاچقا، بەت ياساشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئۇ چاغلاردا ھەرپلەر قوغۇشۇندىن قۇيۇلغان بولۇپ، قول بىلەن بىرمۇ بىر تىزىلاتتى. ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «دىۋان»دىن ئىبارەت ئۈچ توملۇق بۇ كىتابنى تىزىشقا 4 توننا 625 كىلوگىرام قوغۇشۇن كەتكەن.

كىتاب تىزىلىپ، بەت ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن بېسىش سېخىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كىتاب 32 فورمات چوڭلۇقىدا چوڭ تاختا قەغەزلەرگە بېسىلىپ چىقاتتى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ بولۇپ، خەلىم سالىخ بىلەن سابىت روزى بۇ ئىشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەت بىلەن ئىستانوك ئالدىدا تۇرۇپ ئىشچىلار بىلەن بىللە بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرەتتى. بېسىلىش جەريانىدا ھەرپلەر چاچراپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلەتتى، بەزى جايلار قېنىق قارا بولۇپ قالاتتى، بەزى جايلار سۇس بولۇپ قالاتتى. بەزى ھەرپلەر بېسىلىپ تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، ھەرپلەر كۆرۈنمەي ئۇنىڭ ئورنى ئاق بولۇپ قالاتتى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئىستانوك توختىتىلىپ، خاتا بولۇپ قالغان جايلار تۈزىتىلەتتى. ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، تەكشۈرگۈچىلەر «بېسىلسا بولىدۇ» دەپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن 10 مىڭ تىراژدىكى كىتاب بەتلىرى رەسمىي بېسىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلەتتى. تۈپلەش سېخىدىكى ئىشچىلار بۇ باسمىلارنى كىتاب شەكلىگە كەلتۈرۈپ تۈپلەيتتى. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىمۇ مۇشۇ يەردە ئىشلىنەتتى. «دىۋان»نىڭ مۇقاۋىسىدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن خەتنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ پېشقەدەم خەتتاتى ئابلەق ئوشۇر ئەپەندى يېزىپ بەرگەنىدى. بىزنىڭ مەتبەئە ئىشچىلىرىمىز مانا شۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ كىتابنى سۈپەتلىك نەشر قىلغانىدى. شۇڭلاشقا، «دىۋان»نى نەشر قىلىشتا مەتبەئە ئىشچىلىرىمىزنىڭمۇ ئۆچمەس تۆھپىسى بار.

«دىۋان»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغاچقا، ئىشلەش جەريانىدا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن، گۇرۇپپىمىز كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئىلمىي مەسىلىلەردە ئېھتىياتچان، كەمتەر بولغانلىقى، سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلىگەنلىكى، ئىشلەش جەريانىدا ئۆگىنىش، ئۆگىنىش جەريانىدا ئىشلەش پىرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىزمەتنى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ئىشلەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلغانىدى.

بىز بۇ خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدا ئالدى بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەتتىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلار، ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدۇق. كۆپلىگەن كىشىلەر ئىشخانىمىزغا كېلىپ بىزدىن ھال ـ ئەھۋال سوراش بىلەن بىللە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى سوراشتى. بىزنىڭ گۇرۇپپا مەسئۇللىرىمىزمۇ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. بۇ خىل ئەھۋاللار بىزگە زور ئىلھام بولغانىدى.

بىز نەشرگە تەييارلانغان تەرجىمە ئارگىنالىنى مۇھەررىرلەر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتۇق. بۇنداق كوللېكتىپ مۇزاكىرىلەردە مەسىلىلەر ئېرىكىن مۇزاكىرە قىلىناتتى. قارىشىمىزچە، شۇ چاغلاردا بۇ خىل ئۇسۇل خېلى ياخشى ئۈنۈم بەرگەنىدى.

گۇرۇپپىمىزغا قاتناشقان تەتقىقات خادىملىرى ئۇستاز تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ يېتەكلىشى بىلەن كونا ـ يېڭى تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىش، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا بۇ خىزمەتكە قاتناشقانىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېۋىسىنىڭ دىيالېكت ماتېرىياللىرى (دىيالېكتلىرى)

بىرقەدەر تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بىزگە ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەتقىقات خادىملىرىمىزنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى يۇقىرى ئىدى. بىز مۇشۇ ئىمكانىيەتلەردىن ياخشى پايدىلانغانلىقىمىز ئۈچۈن ۋە بۇ ئىشقا يۇقىرى دەرىجىدە قىزغىنلىقىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن «دىۋان»نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارالىدۇق.

بىزنىڭ تەتقىقاتچى خادىملىرىمىز «دىۋان» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەرنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ۋە هاياجانلانغانىدى. ئۇلار گۈرۈپپىمىزغا كەلگەندىن كېيىن «دىۋان»دىن ئىبارەت بۇ شاهانە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا قاتناشقانلىقىدىن ئىپتىخارلانغان ۋە هەقىقىي يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ ئۇستازلىرىمىزنىڭ ۋە كەسپداشلىرىمىزنىڭ هەم «دىۋان»نى ئۆز قوللىرى بىلەن تىزىپ، نەشرگە تەييارلىغان ئىشچىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئالەمدىن ئۆتتى. بىز هايات قالغانلار ئۇلارنى سېغىنىپ ئەسلەيمىز ۋە ئۇلارغا هۆرمەت بىلدۈرىمىز!

«دىۋان»نىڭ تۇنجى قېتىم هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنغىنىغا 30 يىلدىن ئاشتى. مۇشۇ جەرياندا «دىۋان» ئېلىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ساهەسىدە، بولۇپمۇ دىۋانشۇناسلىقنى ئىلگىرىلىتىشتە ئەهمىيەتلىك رول ئوينىدى. تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ ئەسەردىن پايدىلىنىپ كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، «دىۋان» تەرجىمىسىنىڭ قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەر كۆرۈلمىدى. بۇ بەلكىم «دىۋان» تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇنىڭلىق بىلەن بىزنىڭ تەرجىمىمىزنى «پەقەت خاتالىق يوق» دېگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭمۇ ئوبدان كۆرۈپ يېتەلمىگەن، ئوبدان چۈشىنەلمىگەن، خاتا قىلغان جايلىرىمىز يوق ئەمەس. بىز 1 - تومنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن بەزى سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى هېس قىلغانىدۇق، لېكىن بۇ چاغدا كىتاب زاۋۇتقا بېسىشقا بېرىلىپ كەتكەچكە، بۇنى تۈزىتىش پۇرسىتى بولمىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە كېيىنكى ئىشلار قاتارىغا قېلىپ قالغانىدى. بىز «دىۋان»نىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش جەريانىدا بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ داۋاملىق تۈزىتىلىپ، تولۇقلىنىشىغا ئىشىنىمىز.

بىز ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا بەزى تەجرىبە - ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولدۇق:

بۇنىڭ بىرسى، خىزمەتنى باشلىغاندا ئۈچ تومنىڭ تەرجىمىسىنى تەڭ تۇتالمىدۇق، بىرىنچى تومنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەۋاتقاندا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى توملاردىكى ئەهۋاللارنى ئىگىلىيەلمىدۇق. توملار بويىچە ئېيتقاندا، تەرجىملىرىمىزنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمىدە ماسلىشالمايدىغان ئەهۋاللار كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە تەرجىمىدە ئىككى خىل بولۇپ قېلىش، ترانسكرىپسىيەدە ئىككى خىل بولۇپ قېلىش ئەهۋاللىرى كۆرۈلدى.

يەنە بىرسى، بىز تەرجىمىدە پايدىلانغان يازما نۇسخىنىڭ فاكسىمىلى رەڭسىز بولغاچقا، بەزى جايلار غۇۋا كۆرۈنەتتى، بەزى سۆزلەر، بولۇپمۇ دىئاكرىتىك بەلگىلەرنى پەرق ئېتىشمۇ خېلى تەسكە چۈشەتتى. شۇنداق بولغاچقا، خاتالىقتىن ساقلىنىشمۇ قىيىن ئىدى. مۇشۇنداق ئەهۋال ئاستىدا بەزى خاتا ئوقۇلۇپ قالىدىغان، خاتا ياكى مۇجمەل ئىزاهلاپ قويىدىغان ئەهۋاللارمۇ كۆرۈلدى.

«دىۋان» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى تۇنجى نەشرلىرىنىڭ باشلىنىشى، جەريانى ۋە ئاخىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا گۈزەللىك قارىشى ۋە زىبۇ-زىننەت، پەرداز مەدەنىيىتى

## مۇقەددىمە

گۈزەللىك قارىشى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىك يارىتىش ۋە زىبۇ ـ زىننەت، پەرداز سەنئىتى مەدەنىيىتى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرسى. قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ھاياتى كەڭ تەبىئەت مۇھىتى گۈزەللىكى، ئىجتىمائىي مۇھىت گۈزەللىكى، تۇرمۇش مۇھىتى گۈزەللىكى ئىچىدە ياشاش بىلەن بىللە، يەنە گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىش يولىدا داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولغان مۇنداق تۇرمۇش گۈزەللىكىگە ئائىت ئادەتلەر ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك، تارىخىي ئەنئەنىلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئۆزىگە، ئۆز ئەنئەنىسىگە خاس گۈزەللىك ئادەتلىرى مەدەنىيىتى چەمبىرى ھاسىل قىلىدۇ. دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرت پەقەت ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغان ئانتروپولوگىيەلىك رايونلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالماي، يەنە ئۆزىگە خاس گۈزەللىك مەدەنىيىتى ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئېتنولوگىيەلىك، فولكلورلۇق رايون بولۇپ، تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كرورەن گۈزىلىگە ئوخشاش لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى، گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، گۈزەللىك يارىتىش ئادەتلىرى ئۇنىڭ ئۆلگىلىك جەلپكار بىر بوستانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

يىراق تاش قوراللار دەۋرى ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا ئۆزىگە خاس بىر قاتار گۈزەللىك قارىشى ۋە گۈزەللىك ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىغان ئۇيغۇر مىللىتى دىيارىمىزدا ئاپىرىدە بولغان ساك قانلىق ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە بولغان، ھەر خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇش تىپى، ھەر خىل ئېتىقاد ـ دىنىي مەدەنىيەت تىپى، ھەر خىل يېزىق شەكلى ۋە ھەر خىل تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، داۋاملىق ساقلىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ كەلگەن گۈزەللىكنى سۆيگۈچى، گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى، گۈزەللىك ياراتقۇچى تىپىك مەدەنىيەت مىللىتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت تارىخى دەرياسىغا تېرەن نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، دىيارىمىز مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن خىلمۇ خىل ئامىللار ئىچىدە ئانىلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى، ئۆزىگە خاس گۈزەللىك يارىتىشى ۋە يىراق ئەجدادلىرىدىن ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن گۈزەللىك ئادىتى بويىچە زىبۇ ـ زىننەت ھەم پەرداز سەنئىتى ئالاھىدىلىكى دىيارىمىزنىڭ ئېتنولوگىيەلىك، فولكلورلۇق تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە ئاجايىپ رەڭدارلىق، ئاجايىپ جىلۋىدار، ئاجايىپ مەپتۇنكار ھۆسن قوشقانلىقىنى كۆرىمىز.

دىيارىمىزدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئۆز تارىخىنى تاكى يېزىق بىلەن ئىپادىلىگۈچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئىپتىدائىي

غار ـ ئۆڭكۈر سىزمىلىرىغا، قىيا تاش رەسىملىرىگە، تاش ۋە ياغاچتىن، مېتال ۋە ئۇستىخاندىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا، تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا، جۈملىدىن ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا «يېزىپ» قالدۇرغان. «كرورەن گۈزىلى»دەك لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، جەزبىدار قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك ئاڭ ـ سەزگۈسى، گۈزەللىك قارىشى، زىبۇ ـ زىننەت بىلەن جابدۇنۇپ پەرداز قىلىش ئادىتىگە دائىر بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇر ـ ئېنفورماتسىيە يادىكارلىقلىرىدىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق تاش قوراللار دەۋرىدىلا تاش، ياغاچ، ئۇستىخانلاردىن ياسالغان ھەر خىل زىبۇ ـ زىننەت تاقاپ، تۈرلۈك تەبىئىي مىنېرال بوياقلار بىلەن پەرداز قىلىشىدىغانلىقىنى، ئەينى زامان ئەجدادلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بىۋاسىتە، ئەينەن، بىرىنچى قول، ئەمەلىي ۋە كونكرېت ئەينىكى بولغان بۇ رەسىم، تامغا، بەلگە ـ ئىزنا يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەرقانداق تارىخچىنىڭ، بولۇپمۇ ئوردا ـ قەسىر تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخنامىلىرىدىن تېخىمۇ چىن، ھەقىقىي، ئەينەن ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنداقلا 4000 يىللار ئىلگىرى ياشىغان كرورەن گۈزىلىگە ئوخشاش نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن، يۈز ھەم بەدەنلىرىگە ھەر خىل گۈل ـ نەقىشلەر چېكىلىشىدىن، يۈز ـ لەۋلىرىنى تەبىئىي قىزىل بوياقلاردا بويىلىشىدىن، جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ھەر خىل بۇيۇملار، سېھىرلىك كۈچ دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمار ۋە تۈرلۈك زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىدىن، ئەجدادلارنىڭ ئۆڭكۈر تاملىرىغا، قىيا تاشلارغا سىزغان گۈزەللىك قارىشىغا دائىر رەسىملىرى بىلەن باشقا يادىكارلىقلاردىكى ھەر خىل تامغا، بەلگە، ئىزنا ۋە ئالامەتلىك بەلگىلىرىدىن بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز[①]. بۇنداق ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە يادىكارلىقلار ئەجدادلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك قارىشى، زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن جابدۇنۇپ پەرداز قىلىنىۋېلىشتەك خاس ئېتنولوگىيەلىك ھەم فولكلورلۇق گۈزەللىك قاراشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكىنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن تەبىئىي غار ـ ئۆڭكۈر سىزمىلىرىدا، قىيا تاش رەسىملىرىدە، ئىپتىدائىي قەبرە ـ يادىكارلىقلىرىدا، ئايال سىياقىدىكى ھەيكەل ـ قورچاقلاردا، بالباللاردا ۋە تام ـ تورۇسلىرىنى ئالا قويماي تولۇق قاپلىغان مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان ئانىلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە زىبۇ ـ زىننەت، پەرداز ئادىتىگە دائىر بىرقانچە قاتلام ماددىي پاكىتلار ئەنە شۇ قەدىمكى نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قالدۇرۇپ كەتكەن نەق ماددىي يادىكارلىق نەمۇنىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخ ئېھتىمال زامان چاڭ ـ توزانلىرىدىن ئېشىپ قالغان ۋە قىسمەن بولسىمۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ ئانىلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە زىبۇ ـ زىننەت، پەرداز مەدەنىيىتى ھەققىدىكى يادىكارلىقلارنى ئېتنولوگىيە ھەم فولكلور نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بۈرچىنى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا نېسىپ قىلغان بولسا كېرەك.

## بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا گۈزەللىك قارىشى

مەلۇمكى، دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرت مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرسى. بۇ خاسىيەتلىك زېمىن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ئوتتۇرا بەلبېغىغا جايلاشقان، ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار — ئالتاي، تەڭرىتاغ، پامىر، قۇرۇم ـ قاراقۇرۇم، ئالتۇنتاغلىرى بىلەن ئورالغان، باغرىنى ھارارەتلىك تەكلىماكان چۆللۈكى كۆيدۈرۈپ

تۇرىدىغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مېلودىيەسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. غەربىي يۇرت ئاھالىسىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بۇ جايدا ئۇزاق داۋام قىلغان ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق، توپ - پادىلىق ۋە ساددا - نادانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كونا - يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي گۈزەللىك قارىشى تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كېيىن يەنە برونزا (كۆك مىس) قوراللىرى دەۋرىگە كەلگەندە خېلى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان بىر قاتار گۈزەللىك قارىشى ۋە گۈزەللىك ئۆرپ - ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

دىيارىمىزدىكى سان - ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرى ھەم يۈزلەرچە ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلىرى بىلەن قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئوبرازلىق يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئانىلىرىمىز تۇرمۇشىدا گۈزەللىك قاراشلىرى بىخلىنىپ چىقىپ كۈنسايىن راۋاجلىنىپ بارغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. روشەنكى، دىيارىمىزدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئەجدادلار ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى تاكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغۇچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق، نادانلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كونا - يېڭى تاش قورال دەۋرى، برونزا قوراللىرى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلىرىغا سىزىپ ۋە «يېزىپ» قالدۇرغان. يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزاق بولغان بۇ تارىخ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئىپادىلىگەن دائىرىسى جەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا خاس خىلمۇ خىل بولغان. ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىزنا - يادىكارلىقلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەجدادلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن روھىيەت، تەپەككۇر ۋە گۈزەللىك قارىشى جەھەتتىكى تامغا، ئەنداز، بەلگە - ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇر - ئىنفورماتسىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئانا دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرتتەك بۇ سىرلىق كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ تەسۋىرىي يادنامىسى بىزگە تېخى ئۆزىنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەل قىياپىتىنى ئاشكارىلىغىنى يوق. ئۇنىڭ بىر قىسمى تارىخ ئۇچقۇنلىرىدا مەڭگۈلۈك يوقالغان. شۇنداقتىمۇ، 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان، ناگاندا تېپىلىپ تۇرىدىغان ئارخېئولوگىيەلىك بايقىلىشلار بۇ كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسان ھايات پائالىيىتىنىڭ بىر قەدەر ئومۇمىي مەنزىرىسىنى قىياس قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. بىز دىيارىمىزدىن بايقالغان دوندۇ بۇلاقتىكى 15 — 20 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قىيا تاش رەسىملىرىدىن[2]، 10 — 15 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە تامغالىقتاش ئۆڭكۈرى[3]، ئاقتاش ئۆڭكۈرى[4]، ھاكتاش ئۆڭكۈرى[5] ۋە دولات جىلغىسى ئۆڭكۈرلىرى قاتارلىق ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن تەبىئىي ئۆڭكۈر رەڭلىك سىزمىلىرىدىكى ئانا (ئايال) جىنسىغا تېۋىنىش، ئانىنى ئۇلۇغلاشقا دائىر مەزمۇنلاردىن، ئالتاي، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغ قىيالىرىغا چېكىلگەن 3000 — 8000 يىللىق تارىخقا ئىگە[6] سان - ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئانىلار ئوبرازى ۋە ھەر خىل تامغا، ئەنداز، بەلگە - ئالامەتلەردىن، تۇرپاندىكى ئاستانە، ئۈرۈمچىدىكى سايئوپا (سەيۋوپۇ)، لوپنۇردىكى سىڭىر، لوپنۇر كۆلى ئەتراپى، كونىشەھەردىكى ئوپال، قومۇلدىكى سەنداۋلىڭ، تۇرپاندىكى يارغول، توقسۇندىكى ھۇممە بۇلاق، پىچاندىكى قىزىلقۇم، ياڭخې ئاسقىلىق، ئاقتېرەك، موريدىكى ئېرقاباق، ئالتايدىكى شىمىرشېك، چاقىلىقتىكى ئالتۇنتاغ، چەرچەندىكى جاڭگالساي، نىيە دەرياسى ئەتراپى، گۇمىدىكى گىلىياڭ، كېرىيەدىكى باشقا نىسۇرا، كەلپىندىكى سارغان، مارالبېشىدىكى ئاقدالا، كۇچادىكى قارادۆڭ قاتارلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس 4000 — 7000 يىللىق تارىخقا ئىگە[8] قەدىمكى ئىز - خارابىلەردىن تېپىلغان تاش، سۆڭەك مارجانلار ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرىدىن، 3000 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە لوپنۇردىكى ئۆردەكلىك

(گۇمۇگۇ) قەدىمكى قەبرىستانلىقى (كرورەن گۈزىلى ياتقان قەبرىستانلىق)، زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، خوتەندىكى نىيە قەبرىستانلىقى، پىچاندىكى سۇ بېشى ۋە ياڭقىر قەبرىستانلىقى، بايدىكى قىزىلتۇر قەبرىستانلىقى، خېجىڭدىكى چابغا، بۇگۇردىكى چۇمپاق، قومۇلدىكى يانبۇلاق، قارادۆڭ، لاپچۇق، ئەسكىشەھەر، خەنچىگو قەبرىستانلىقلىرى قاتارلىق يۈزلەرچە ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقلاردا ياتقان كرورەن گۈزىلىگە ئوخشاش لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن، بەدەنلىرىگىچە ھەرخىل گۈل - نەقىشلەر چېكىۋېلىشىدىن، يۈز ۋە كالپۇكلىرىنى تەبىئىي مىنېرال قىزىل بوياقتا بوياۋېلىشلىرىدىن، ئانىلار جەسىتى بىلەن بىللە ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە كۆمۈلگەن تاش قاش قەلەم، تاش بوياق، سۆڭەكتىن ياسالغان سۈزگۈ - تارغاق، تاش ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان مارجانلار، مىستىن ياسالغان ھالقا، بىلەزۈك، ئۈزۈك، مېدالىيون، زىرىلەر، ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن، ئۇپا - ئەڭلىك ۋە پەرداز بۇيۇملىرى خالتىلىرى قاتارلىق ھەر خىل بېزەك بۇيۇملار، سېھىرلىك كۈچ دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمار ۋە تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەق ماددىي يادىكارلىقلىرىدىن ئانىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنى، ئۆزىنى زىبۇ - زىننەت ۋە تۈرلۈك پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن بېزەپ چىرايلىق ياسىنىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن نەق ماددىي يادىكارلىق مەنبەلىرى گەرچە ئۇ ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئەجدادلارنىڭ گۈزەللىككە باغلانغان ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى، ھېچبولمىغاندا تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئالەم قارىشى، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ئېستېتىك قاراشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر. قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىز تۇرمۇشىنىڭ بۇنداق بىۋاستە، بىرىنچى قول، ئەينەن، ئەمەلىي ۋە كونكرېت، نەق ماددىي يادىكارلىقلىرى ھەرقانداق تارىخچىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئوردا - قەسىر تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخنامىلىرىدىن چىن، تېخىمۇ ئەينەن، ھەقىقىي ۋە ئۆز پېتى ساقلانغان تارىخنامە ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدىن بىرى. گۈزەللىك قارىشى ئىنساننىڭ ئېستېتىك تەپەككۇرى ۋە ئېستېتىك ئېڭى بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان. گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش، گۈزەللىككە مايىلدارلىق، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش ۋە گۈزەللىككە تەقلىد قىلىش، گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگىكىدىن باشلاپ، تۇنجى تاش قورال ياسىشىدىن باشلاپ، تۇنجى ھېسسىياتى ۋە تۇنجى تەپەككۇرىدىن باشلاپ رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان ھەم شۇ ئاساستا ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغاتقۇچى گۈزەللىك ھادىسىلىرى زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىر مىنۇتمۇ گۈزەللىكنى بىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش پائالىيىتى جەريانلىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

گۈزەللىك ــ ئىنساننى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان شەيئى. ئىنسان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا، خىيال ئارزۇسىدا، رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان ھەرقانداق ئىبارىگە نىسبەتەن «گۈزەللىك» ئىبارىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ۋە مەھلىيا. ھىندىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى تاگور گۈزەللىك توغرىسىدا توختىلىپ: «گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرمەي تۇرۇپ، ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

گۈزەللىككە ئىنتىلىش — ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، ياسىنىش ۋە پەردازلىنىشتىكى گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۈنجى ئەمگىكى جەريانىدا يېتىلگەن ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قايتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى گۈزەللىك تۇيغۇ ھېسسىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا، ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە ھامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتكە ئورتاق ھالەت. ئەمما، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان قارىشى ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىدىمۇ پەرقلەر مەۋجۇت. بىز كرورەن گۈزىلىگە ئوخشاش قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ياسىنىش، كىيىنىش ئادەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ئېتنىك مىللىي پۇراققا ئىگە ئەنئەنىلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايمىز.

يەنە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن بولغان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇرىدىن تۆرەلگەن قىزنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن: «... ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى، ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، بۇ مەڭ قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، (ئۇ) كۈلسە، كۆك تەڭرىمۇ قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا، كۆك تەڭرىمۇ تەڭ يىغلار ئىدى.» دەرەخ كاۋىكىدىكى گۈزەل قىزنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن: «... ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنى كۆرسە ئاھ دەپلا قالاتتى.» يۇقىرىقى بايانلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرسى.

قىز - ئاياللار ئوبرازىنىڭ شۇنچىلىك ساھىبجامال تەسۋىرلىنىشى ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى، يەنى ئىلگىرى گۈزەللىكنى تەبىئەتتىن ئىزدىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە گۈزەللىكنى ئۆزلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاياللاردىن تېپىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. تارىختىن بۇيان نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىز، جۇملىدىن قىز - چوكانلىرىمىز ياسىنىشقا، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۈزەللىككە ئېتىبارسىز قاراش — ھاياتنى مەڭگۈ خورلۇق ۋە نومۇس ياشلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈش، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز نەرسىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ، دەپ قارىغان[9].

ساھىبجامال ئانىلىرىمىز بولغان قەدىمكى زامان ئاياللىرى گۈزەللىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىغا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىللە، يەنە ھۆسن تۈزەش جەھەتتىمۇ مىللىي ئۆزگىچىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار گۈزەللىك يارىتىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا سۈنئىي پەرداز ئادەتلىرىدىن پەرقلىق بولغان تەبىئىي پەرداز ئادەتلىرى ۋە بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ بۇيۇملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن بولۇپ، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

## ئىككىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ئىپتىدائىي پەرداز ئادىتى

قەدىمكى ئانىلىرىمىزدىكى پەرداز قىلىش ئادىتى ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ئىپتىدائىي ئېستېتىك قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى

جەريانىدا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر سۆيىدىن ۋە مىنېرال كان مەھسۇلاتلىرىدىن ھەر خىل بوياق ۋە رەڭ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل بوياق ياساپ يۈزىگە پەرداز قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ بېرىشى، ھەر خىل بوياق (پەرداز) ماتېرىياللىرىنىڭ بايقىلىشى ھەم ئەمەلىي تۇرمۇشىدا سىناق قىلىنىشى مۇھىم رول ئوينىغان بولسا كېرەك.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوۋچىلىق ئەمگىكى جەريانىدا، ھايۋانلار يارىلانسا قان ئاقىدىغانلىقىنى ھەم ئۇزاققا بارمايلا ئۆلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭمۇ ياۋايى ھايۋانلار چىشلىۋالسا قېنى ئېقىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ساغلام كىشىلەرنىڭ مەڭزى ۋە بەدىنىدە بىر خىل قىزىل قان رەڭگى جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆلۈپ كەتكەندە سۇسلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرى نەزىرىدە قىزىل رەڭ ھاياتلىقنىڭ بىر خىل ئابستراكت ئومۇمىيلىقىغا ئىگە مەنىدىكى سىمۋولى ۋە ئىسسىقلىقنىڭ، يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان»[10]. «تۇز، تۈرلۈك مەدەنلەر، قىزىل سېغىز، گۆڭگۈرت قاتارلىقلار خىسلەتلىك ھېسابلىنىپ ئالاھىدە قەدىرلەنگەن»[11]. «شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىبېشى ۋە ئەتراپىغا قىزىل رەڭلىك تۇمۇر، مەدەن ئۇۋۇندىلىرىنى چېچىش ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە ھاياتىي كۈچ، قان، ئىسسىقلىق ئاتا قىلىشنى تىلىگەن، ئارزۇ قىلغان.»[12]

«شىمالىي ئالتاي رايونى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە) دىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە جەسەتلەر قىزىل توپىغا مىلەپ كۆمۈلگەن. بۇنىڭدىن قىزىل تۇپراقنىڭ ھايات ۋە قاننىڭ سىماسى قىلىنغانلىقى شۇنداقلا جەسەتنى چىرىشتىن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق كەنتىگە جايلاشقان (قەبرىگە دەپنە قىلىنغان جەسەتنىڭ بۇنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرىكى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن) قەدىمكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە بىر خىل تەبىئىي قىزغۇچ مىنېرال بوياقتا پەرداز قىلىنغان. بۇ ئەھۋالمۇ يۇقىرىدىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.»[13]

دېمەك، ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى ئانىلىرىمىزدا ئەڭ دەسلەپكى گۈزەللىك تۇيغۇسى قىزىل رەڭ بولغان. شۇڭا، ئۇلار ئوۋچىلىق جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن (يارىلانغان) ھايۋانلارنىڭ قېنىنى يۈزلىرىگە ۋە بەدەنلىرىگە سۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا رايونىنى، يەنى قاراقۇرۇم ئېتەكلىرى، تەكلىماكان گىرۋەكلىرى، تارىم - كۆنچى ۋادىلىرى، تۇرپان، قۇمۇل بوستانلىقلىرى ھەم ئىلى دەريا ۋادىلىرىدىن ئىبارەت كەڭ، بىپايان گۈزەل زېمىنىنى ئانا ماكانى قىلىپ، بۇ جايدا ئاۋۇپ - كۆپىيىپ، جامائەلىشىپ كەلگەن ئەجدادلار يىراق تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن، مىنېرال ماددىلاردىن ھەم ھايۋانلاردىن ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان. بولۇپمۇ كرورەن گۈزىلىدەك 4000 يىللار ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، جەزبىدار ساھىبجامال ئانىلىرىمىز گۈزەللىك يارىتىشتا ئۆز ئەتراپىدىن چىقىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن خىل تەبىئىي بايلىقلاردىن گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرى ياساشقا ھەم ئۇنى ياراشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان.

تۆۋەندە بۇنداق تەبىئىي، ئەنئەنىۋى گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

### ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى

گىرىم - پەردازچىلىق ۋە بوياقچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئەينەكنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە سودىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ئەجداد-

لىرىمىز ھەرخىل مەدەنىيەت سەھىپىلىرىدىن بولغان پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، ھۆسن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ مول مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانىدى. بولۇپمۇ تارىم ـ تەكلىماكان، كۆنچى ۋادىلىرىدا ياشىغان ئەجدادلار بۇ جەھەتتە بىر قەدەر مول مەدەنىيەتلەرگە ئىگە ئىدى. كوچا ۋە بايدىكى مىڭئۆيلەر بىلەن تورپان تويۇق مىڭئۆيلىرىدىكى رەسىملەر، قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىۋېلىنغان بوياق ۋە پەرداز بۇيۇملىرى ، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى.

ئەجدادلار مىلادىيەدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن ئەتىرگۈل، ئانارگۈل، ئانار پوستى، زاراڭزا چېچىكى، خېنە چېچىكى، خېنە، سىيادان، ئوسما، جىگدە، قاپاق ئۇرۇقى، تەرخەمەك، سەبرە (ئالوي)، بال (ھەسەل)، بەندال (قازان يۇغۇچ)، بەدرەڭ، بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، ياڭاق مېغىزى پاسىلى، تۇخۇمەك گۈلى، شاپتۇل چېچىكى، قارىگۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈك رەڭلىك ماددىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن پەرداز بۇيۇملىرىنى ياساپلا قالماي، يەنە گىرافىت (سىلىيۇدا)، سۈرمە (سىتى ئوكسىد)، ئاق سېغىز، كۆك سېغىز، قوغۇشۇن ئېقى (قوغۇشۇن ئۇپا) قاتارلىق مەدەنلەرنى يانجىپ ئۆسۈملۈك بوياقلىرى بىلەن مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇپا، لەۋسۇرۇخ ۋە لاكلارنى ياسىغانىدى. ئۇلار يەنە ئىپار، ئەنبەر، سالاجىت، قۇستە، ئارچا، قەلەمپۇر مېيى، مەستىكى رۇمى، مىئە سائىلە (سىلارەس)، دارچىن، ئۇد ھىندى، يەسمەنگۈل، كامفورا، ئىگىر قاتارلىق پۇراقلىق ماتېرىياللارنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ھەر خىل رەڭلىك، خۇش پۇراق پەرداز بۇيۇملىرى ياساپ پايدىلانغان، بۇ تەبىئىي گىرىم ـ پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كاتتا رول ئوينىغانىدى. قىزىلگۈل (گۈلسۇرۇخ)، زاراڭزا چېچىكى، ئىپار، ئوسما، ئەنبەر، سۈرمە، سېغىز تاش، ئۇپا (قوغۇشۇن ئېقى)، خېنىلەر ئەڭ ئىپتىدائىي پەرداز بۇيۇملىرىدىن ئىدى. ئەجدادلار مىلادىيەدىن خېلى ئىلگىرىلا بازىرى ئىتتىك، داڭلىق پەرداز بۇيۇملىرىنى ياساشنى بىلەتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن پەرداز بۇيۇملىرىنى ئۆسۈملۈك پەرداز بۇيۇملىرى، مەدەن پەرداز بۇيۇملىرى ۋە ھايۋان پەرداز بۇيۇملىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئۆسۈملۈك پەرداز بۇيۇملىرى

ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردىلا زاراڭزا چېچىكى، ئانار پوستى، ئەتىرگۈل، خېنە، سىيادان، زەيچىۋە، ئوسما، بادام، قارىگۈل، ئىگىر، ھەلىلە قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى كەشىپ قىلىپ سودا يوللىرىدىكى ئۆتەڭلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

قىزىلگۈل بويىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بوياق تۈرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ «قىزىلگۈل رەڭ ماددىسى بىلەن قوي ماي يېلىمى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان»[14]. قىزىلگۈل (ئەتىرگۈل) تەركىبىدە قىزىل رەڭلىك پىگمېنت (رەڭ ماددىسى) بىلەن سېرىق رەڭلىك پىگمېنت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى قىزىل رەڭلىك پىگمېنت بولۇپ، ئۇ ئىشقارلىق شارائىتتا ئېرىپ، كىسلاتالىق شارائىتتا چۆكمە ھاسىل قىلغانلىقتىن، ئەجدادلىرىمىز قىزىلگۈلنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۈزۈم ياكى لىمون شەربىتىنى قوشۇپ نوكچا بوياقلارنى تەييارلىغان بولسا، مەدەن بوياقلارنى مەلۇم نىسبەتتە قوشۇپ كۆكۈن شەكىللىك بوياقلارنى تەييارلىغانىدى. ئۇ خىل بوياقلارغا قوي مېيى، ئۆچكە مايلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ لەۋسۇرۇخ، ئۇپىلارنى تەييارلىغان. ئۇنىڭغا كۆك سېغىز، ئاق سېغىزلارنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇپا تەييارلاپ ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇرلار زاراڭزا چېچەكنى بىنەپشە رەڭلىك شىللاك قۇرتىدىن تازىلاپ ئالغان خۇش پۇراق سۈيۈقلۇق (ھىندىچىنىدىكى نۇرغۇن دەرەخلەردە بولىدىغان شىللاك قۇرت) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ لەۋسۇرۇخ ياسىغان، بۇ خىل بوياق ئەينى زامانلاردا ھىندى تىلىدا لاك (lakka) دېيىلىپ، يىپەك بوياقلىقى ۋە پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كېلىنگەن بىنەپشە قىزىل رەڭلىك بوياق ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئىقلىمى قۇرغاق، شاملى كۆپ بۇ رايوندا ياشاش ئۈچۈن ئۆزىگە كېرەكلىك ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى تەبىئەتتىن ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنى بېيىتقان ۋە كۆپ تەرەپلىمە مەدەنىيەت ياراتقانىدى. ئۇلار ئىسسىق، سوغۇق شامالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولغان بەندال، قاپاق ئۇرۇقى، ئوسما، خېنە، قۇرۇق ئۈزۈم، تەرخەمەكلەرنىمۇ تاكى ھازىرغىچە پەرداز بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز تومۇز ئىسسىق كۈنلەر ۋە ئورما مەزگىللىرىدە كۈن نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەرخەمەك ئۇرۇقىنى پۇت ـ قول، گەدەنلىرىگە سۈرۈپ، قۇياش نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىپ كەلگەن بولسا، ئەتىياز مەزگىللىرى قۇرۇق ئۈزۈمنى نەمدەپ، گەدەن، بىلەكلىرىگە سۈرۈپ، قۇياش نۇرى ۋە شامالدىن ساقلىنىشنىڭ پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا تەرخەمەك، قاپاق ئۇرۇقى، ئۈزۈم قىياملىرىنىڭ تېرىنى ئاسراش رولى بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار يۈزىدە تۇغۇتتىن قالغان داغلارنى چۈشۈرۈشتە، ئانىلىرىمىز ئاق چېچەك (كاسنى)نى قېتىقتا چىلاپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز قويۇپ ئۇنى ئېچىتىپ، يۈزىگە سۈرۈش ئارقىلىق داغلارنى يوقىتىپ، تېرىنى پارقىرىتىش ئۇسۇلىنىمۇ بىلەتتى. بۇ خىل رېتسېپ ئەينى ۋاقىتتا مەنىۋى مەدەنىيەتكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان قەدىمكى كۇچا خەلقى ئىچىدە كەڭرى تارقالغان بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرداز بۇيۇملىرىنى تەبىئەتتىن ئېلىپ ئىشلىتىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلار پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ رولى توغرىسىدا خېلى چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرداز بۇيۇملىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلىدا ھازىرقى زامان پەرداز بۇيۇملىرىنى تەييارلاش ئىزنالىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار قاچاندىن بېرى ئوسمىنى تونۇپ، ئۇنى قاش قارايتىشنىڭ پەرداز بۇيۇمى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىرەر تارىخىي يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن ئوسمىنىڭ پۈتۈن خەلق ئىچىدە ھېچقانداق چەكلىمىسىز ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت، ئوسمىنىڭ ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كەم دېگەندە 3000 ـــ 3500 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىتىش تارىخى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى خوتەندە قاتتىق ئوسما (قەلەمچە ئوسما) خېلى بۇرۇنلا بولغانىكەن.

خېنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، نۆۋەتتە خېنىنىڭ پاكىستان خېنىسى، شىنجاڭ خېنىسى دېيىلىدىغان ئىككى خىل تۈرى بار، پاكىستاندىن يەنە كۆك رەڭلىك خېنە ئۆسۈملۈكى چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. خېنە تەركىبىدىكى سېرىق رەڭلىك پىگمېنت زەمچە (كالىي ئالىيۇمىن سۇلفات) بار شارائىتتا تىرناق ۋە ئالىقاندا قېنىق قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك رەڭ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا بايقىغان. مانا بۇ ئۆسۈملۈك پىگمېنتلىرىنىڭ مىنېرال ماددىلاردا ئېرىپ، قېنىق رەڭلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر بايقىلىش بولۇپ، بۇ خىل بايقىلىش بوياقچىلىق ساھەسىدە بىر بوش ئورۇننى تولدۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار خېنىنى زەيچۇۋە بىلەن بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، چاچ بويىقى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى

توغرىسىدا خاتىرىلەر بار ۋە ھېلىھەم ئىشلەتمەكتە. بۇ خىل بوياقنىڭ چاچ ئۆستۈرۈش، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش رولىنى ياخشىلاش، قول تەرلەشنى توختىتىش رولى بارلىقىنى بايقىغان. «ئۇلار بۇ خىل بوياق بىلەن چاچنى سېرىق، قىزىل، قوڭۇر رەڭلەردە بويىغان»[14] ئىدى.

خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان چاچنى قارايتىش ۋە ئۆستۈرۈش رولى بولغان پەرداز بويۇملىرىدىن يەنە سىيادان مېيى بىلەن جىگدە يېلىمى؛ شاپتۇل مېغىزى بىلەن بادام مېغىزى؛ ئانار پوستى بىلەن ياڭاق مېغىزىنىڭ پاسلى؛ ئانار پوستى بىلەن قىزىل تۆمۈر رودىسىدىن ياسالغان كۆك قارا رەڭلىك بوياق؛ قارىگۈل (لەيلىگۈل) قاتارلىق بوياقلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق چاچ ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغان، قوشۇمچە تەسىرى بولمىغان تەبىئىي بوياقلارنى ئىشلەتكەن. ھازىرقى زامان خىمىيە ئالىملىرىمۇ بۇ خىل بوياقلار تەركىبىدە ھەقىقەتەن چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ھورمۇنلار بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

غەربىي يۇرتتىن «ئۇسما، خېنە، ئۇپا، سۈرمە قاتارلىق ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ تۇراتتى»[15]. ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردىن ئىلگىرى قاش ـ كىرپىكلىرىنى قارايتىش، قېشىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەركىبىدە گىرافىت ياكى سۈرمە بولغان قارا رەڭلىك يېلىمسىمان مايلىق بوياق (شىلىلاك قۇرتىدىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان لاك)نى ئىشلەتكەنلىكى، بۇ خىل لاكنىڭ قارامتۇل، جىگەررەڭ، يېشىل قاتارلىق تۈرلىرى بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نادىر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ 1 ـ توم 38 ـ بەتتە «تۈركىي تىللارغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنى يازمىدىم» دېگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۆپلىگەن پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللار بىلەن تونۇشقانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم 117 ـ بەتتە «ئۇپا»، 156 ـ بەتتە «ئەڭلىك»، 163 ـ بەتتە «ئۆلەم» (ئوردان، رويان، ئالىزارىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 568 ـ بەتتە «سەندەل سۇرۇخ» (قىزىل سەندەل)لار تىلغا ئېلىنغان بولسا، 2 ـ توم 406 ـ بەتتە «ئۇپىلىنىش»، «ئۇپا ـ ئەڭلىك» ... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تىلغا ئېلىنغان؛ 3 ـ توم 167 ـ بەتتە «بوز مونچاق»، 224 ـ بەتتە «زەپىران» (زەپەر، كۆركۇم)غا ئوخشاش ئاتالغۇلار ئۈستىدە توختالغان.

(2) مىنېرال پەرداز بۇيۇملىرى

سېغىز توپا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى، ئەڭ ئىپتىدائىي تەبىئىي ئۇپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئانىلار بالىلىرىنى يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن، بالىلارنى سېغىز بىلەن ئۇپىلاش خېلى ئومۇملاشقان. سېغىزنىڭ بەدەننى سىلىقلاش، دېزىنفېكسىيەلەش خۇسۇسىيىتىمۇ بولغانلىقتىن، بالىلار كىچىككىدە ئوبدان سېغىزدالسا، بەدىنىگە ھەر خىل جاراھەت چىقىشتىن ساقلانغىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى تۈكلۈك بەدەن بولۇپ قېلىشتىن ھەمدە بالىلارنى ئاسان زۇكام بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىرمۇ سەھرالىرىمىزدا سېغىزنى يانجىپ ئۇپا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. يېقىنقى زامان خىمىيە ئالىملىرى كۆكۈچ، قىزغۇچ رەڭلىك سېغىزلار تەركىبىدە كالتسىي، ماگنىي، ئارسىن، سىنك، مىس، تۆمۈرلەرگە ئوخشاش مىكروب ئۆلتۈرىدىغان خىمىيەۋى ئېلېمېنتلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىشتىن ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردىلا يۈز ماي، ئەڭلىك، ئۇپا، لەۋسۇرۇخ قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەن. دېڭىز بويىدىكى قەدىمكى دۆلەتلەردە مورىكس دېيىلىدىغان بىر خىل بوياق چىقاتتى، بۇ خىل بوياق دېڭىز قۇلۇلىسىدىن ئايرىپ ئېلىناتتى. ئۇ بىنەپشە رەڭلىك بولغاچقا، باشقا بوياقلار بىلەن بەلگە-

لىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، پەرداز بۇيۇمى ياسىلاتتى ۋە رەخت بوياش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلەتتى. پەقەت پۇلى بار كىشىلەرلا بۇ خىل بوياقتا بويىغان رەختلەردىلا كىيىم كىيەتتى[17]. شىۋېتسىيەلىك فولك بېرگمان چەرچەن ئەتراپىدىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان پەرداز بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ خىل پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرلەرگە خاس قوغۇشۇن ئۇپا (خىمىيەۋى تەركىبى: قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات) بىلەن سۇرمە (ستىبى ئوكسىد) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان[18]. قوغۇشۇن ئۇپا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرلەردىكى مەدەنىيەتلىك دۇنيادا دائىم ئىشلىتىلىدىغان تاش ئۇپا ئىدى. ئۇيغۇر دورىگەرلەر ئاق رەڭلىك مەدەننى بىۋاسىتە يانجىپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئۇپا ياساپ بازارغا سالاتتى. «مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەردە بۇ خىل ئۇپىنى ئاياللار ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە ئەرلەرمۇ ئىشلىتەتتى»[19]. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا قۇلۇلىنىڭ ئىچكى ئاجراتمىسىدىن تازىلاپ ئالغان كىرپىك لاكلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ خىل لاكنى پارسلار مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كىرىشكە باشلىغان»[20]. ئەينى ۋاقىتتا يەنە ھىندى ئوسمىسى دېيىلىدىغان قارا كۆك رەڭلىك بوياقمۇ بولۇپ، بۇ خىل بوياقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىش جەريانىدا خوتەن، قەشقەر ۋە تارىمدىكى يولنى بويلاپ ماڭغاندا، ھەربىر ئۆتەڭلەردە توختىلىپ ئۆتكەنلىكتىن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە پەرداز بۇيۇملىرىدىن باشقا يەنە قوشنا ئەللەردىن كىرگۈزگەن پەرداز بۇيۇملىرىنىمۇ بىللە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى»[21]. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ 1 ـ توم 121 ـ بېتىدە «رۇشا» (رۇشا قىزىل رەڭلىك يېپىشقاق بىر خىل مەدەن بوياق، بۇ كاۋۇلىن توپىسىنى يەنى سېغىزنى كۆرسىتىدۇ). 570 ـ بەتتە «قوغۇشۇن ئۇپا»لار تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇرمە (ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى ستىبى ئوكسىد)، گىرافىت (سىلىۋدا) ئىشلىتىش تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق بولغان تەبىئىي تاش بوياق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**(3) ھايۋاندىن ئېلىنىدىغان پەرداز بۇيۇملىرى**

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا قارا ئوغلاق تېرىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆپكىسى بىلەن ئادەم بەدىنى ۋە قولتۇقىدىكى بەتبۇي پۇراقنى يوقىتىپ كەلگەن[22]. «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» دېگەن كىتابتا ئوغلاق ئۆپكىسىنى ئۇششاق توغراپ قولتۇق قىسمىغا قويۇپ، ئۇدا ئۈچ كۈن ئۆزۈلاپ قولتۇق پۇراقنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئۇسۇلنى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە بىلىپ يەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تەرىپىدىن «ئىپار، سالاجىت، قۇستە، مەستىكى، مىئەسائىلە، سەندەل، يەسمەنگۈل، مۇرمەككە، ئەتىرگۈل ئەترىسى، سوغى شېرىن، قۇستى شېرىن، ئۇد ھىندى، مۇزا، شاكالبەدىيان، ئارپىبەدىيان» قاتارلىق پۇراقلىق ماتېرىياللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ تۇرغان بولسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن «كامفورا، مۇئەتتەر، دېڭىزىيا، دارچىن، كابا بەچىنىنى، مامىرەنچىنى، پار يانچىنىنى» قاتارلىق پۇراقلىق ماتېرىياللار غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دورىگەرلىكى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى[23].

تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچۇر قىلىنىشىچە: «ئىپار مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا يىپەك يولى سودىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن[24]. «قەدىمدە ئىپار تىبەتتىن ئىران ۋە ئىراققا توشۇلغان»[25]. مۇھەممەد ئىمىن خۇسايمان ماڭا، مەن مەلۇم بىر كۈنى باغدادتىكى بىر سودىگەرنىڭ ماگىزىنىغا بارسام، ئۇ تۇۋبۇتلەردىن بىۋاسىتە ئىپار سېتىۋېلىپ، توپ تارقىتىدىغان ماگىزىنلارنىڭ بىرسى ئىكەن، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپارىنى كۆرسەتمەكچى بولدى... دەپ سۆزلەپ بەردى[26]. 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان بەزى تا-

رىخىي ماتېرىياللاردا «ناشان (قارلۇق) مىللىتىدىن ئىپار چىقىدىكەن، بۇ مىللەت ئەينى ۋاقىتتا ئازراق
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندى»[27] دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئايالار دۆلىتى بىلەن توخ-
رىلار، كۇشانىيەلىكلەر، سوغدلار ۋە يەفتاللار ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى قويۇق ئىدى.
«ئىپار سودىسى، يىپەك يولىدىكى ھەر بىر قەبىلە ئۆتەڭلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچراپ
تۇراتتى»[28]. ئۇنىڭدىن باشقا، «ھۇنلار بىلەن تۈركىي خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرمۇ
بولغان، رەققاسلار بىلەن ھازىرقى تىببەتلىكلەر دائىم دېگۈدەك قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى»[29]. شۇ
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردىلا كۇشانىيەلىكلەر
تۈبۈتلەردىن ئىپار ئېلىش ۋە ئىپاردىن پايدىلىنىشنى ئۆگەنگەنىدى. «مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەردە ساسا-
نىيلار ئىپارنى تونۇشتىن بۇرۇن ئىپار توخرىلاردا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.»[30]

ئىپارنىڭ تۈركىي خەلقلىرى ئىچىدە قاچان تونۇلۇشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت
ساقلانغان. «چىن بىننى يافەس ناھايىتى ئەقىللىك، زېرەك، ھوشيار، تەدبىرلىك كىشى ئىكەن. دادىلىرى
بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇ شەھەرنى ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن ‹چىن› دەپ ئاتاپتۇ، چىننىڭ تەبىئىتى
ئۈستۈن ھۈنەرۋەن ئىكەن، نەققاشچىلىق، ئويمىچىلىق ۋە گۈللۈك ئېگەر تىكىشنى ئىجاد قىپتۇ. چىن-
نىڭ خوتۇنى يۈزى نۇرلۇق، ئوچۇق چىراي بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا ‹ماچىن› دەپ ئات قويۇپ-
تۇ. ماچىن چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىپتۇ، ئۇنىڭ باللىرى ۋە ئۇرۇقلىرى كۆپىيىپتۇ. ئۇ دادىسى بىلەن مەس-
لىھەتلىشىپ، مېنىڭ باللىرىم ۋە ئەۋلادلىرىم كۆپەيدى، بۇ زېمىنغا سىغىشالمايدىغان ھالەتكە كەلدىم،
رۇخسەت بەرسىڭىز، يېقىنراق يەردە بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇرسام، دېگىنىدە، چىن ماقۇل كۆرۈپ،
بىر شەھەر بىنا قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ نامى بىلەن ‹ماچىن› دەپ ئات قويۇپتۇ. ماچىن باللىرىغا
قوي يۇڭىدىن ئېگەر قىلىپ كىيىشنى ئۆگىتىپتۇ. ‹ئۇنىڭغا› دېگەن قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت ئۈچۈن
باشلىرىغا قاداپتۇ. جەڭ كۈنلىرىدە ئۇنىڭ باتۇرلىرىنىڭ دەستار ـ دۇبۇلغىلىرىغا ئۇنىڭغا قۇشىنىڭ پەيلى-
رىنى ېكىتىپ، ئۆزىنى ھەيۋەتلىك، باتۇر كۆرسەتسۇن دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ، بىر قېتىم ماچىن ئوۋ قى-
لىپ يۈرۈپ، كېيىك ئوۋلاپتۇ. ئۇ، ئۇ خىل قاننى ئاسراپ ساقلاپتۇ. قان قۇرۇپ قاتقاندىن كېيىن، تېخى-
مۇ خۇشبۇي پۇراق چىچىپتۇ. ماچىن ھەر كىم بۇنىڭغا ئوخشاش كېيىك ئوۋلىسا، كىندىكىنى ئېھتىيات
بىلەن ساقلىسۇن دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر كېيىك ئوۋلىسا كىندىكىنى ئالىدىغان
بولۇپ، ئىپار ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بوپتۇ.»[31]

ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركوپولو 13 ـ ئەسىردە يېزىپ قالدۇرغان «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق
كىتابىدا «چىڭخەي (كۆك كۆل)، تىببەت ئېگىزلىكىدىن چىقىدىغان، كىندىكىدە ئىپارى بولغان بۇغىنى
كۆرگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئوۋچىلار بۇغىنى ئېتىۋېلىپ، كىندىكىدىن ئىپار ئالىدۇ.»[32] دەپ مە-
لۇمات بەرگەن. مانا بۇ غەربىي يۇرتتىن ئىپار چىقىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالى. «دىۋانۇ لۇغاتىت
تۈرك» 3 ـ توم 598 ـ بەتتە «قۇندۇز قەيرى» دېيىلىدىغان ھايۋاندىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان پۇراقلىق ماد-
دىمۇ پەرداز بۇيۇممۇ تىلغا ئېلىنغان؛ ئادەتتە سۈت ۋە خام قايماقلارمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي پەرداز بۇيۇملى-
رىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا كىيىم ـ كېچەكلىرىگە كۆيە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان ۋە خۇش پۇراق مۇھىتىنى ياراتقان. ئۇلار «كىيىم ـ كېچەكلىرىگە
پۇراقلىق ماتېرىياللارنى سېلىش ۋە پۇراقلىق ماددىلارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش ئادىتىگە ئىگە ئىدى.»[33]
ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا پۇراقلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ قولتۇق پۇراش، پۇت پۇراش، ئېغىز پۇراش قا-
تارلىق كېسەللەرنى داۋالاش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش جەھەتلەر-

دىمۇ ئەنئەنىۋى خىمىيەلىك چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىدى.

ئۇيغۇرلار يۇيۇنغاندا سۇيىگە ھەر خىل پۇراقلىق ماتېرىياللارنى قوشۇپ، قاينىتىپ تەمىنى چىقىرىپ يۇيۇنۇش ئارقىلىق ئۆز مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش ئادىتى تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرىدا ھەر خىل گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ ساپ مۇھىت يارىتىش ئەنئەنىسى، ئۇلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنىڭ نامايەندىسى. چارۋا دوختۇرى ۋە مۇتەخەسسىسى خەمىت (1938 — 2011) ئاكىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، شىنئەنلىنتۇڭدىكى خان جەمەتى يۇيۇنىدىغان خۇش پۇراق سەرراپىنى مەنچىڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار قۇرۇپ بەرگەنلىكىنى سەرراپىنىڭ مەسئۇلى سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار نەچچە خىل خۇش پۇراق گۈللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۇيىدە يۇيۇنۇش ئەنئەنىسىنى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا قارا ئوغلاق تېرىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆپكىسى بىلەن ئادەم بەدىنى ۋە قولتۇقىدىكى بەتبۇي پۇراقنى يوقىتىپ كەلگەن. ئۇلار «ئوغلاق ئۆپكىسىنى ئۇششاق توغراپ قولتۇق قىسمىغا قويۇپ، ئۇدا ئۈچ كۈن ئۇۋۇلاپ قولتۇق پۇراشنى يوقاتقىلى بولىدۇ»[34] غانلىقىنى، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردىلا بىلىپ يەتكەن.

سالاجىت مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە پۇراقلىق ماتېرىياللار ئەڭ كۆپ چىقىدىغان «تۈركىستاندىكى گاندىھارا دۆلىتىدىن ئېلىنىپ كىرىلەتتى»[35]. بۇ دۆلەتنىڭ بىر قىسمى ئەينى ۋاقىتتا ئارساك (بۇخارا دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىدە) بولغانلىقتىن، شۇڭا «سالاجىت ـ ئارساك (安息) خانلىقى نامىدا ئاتالغان»[36]. بۇ ماددا ئەسلىدە خۇش پۇراقلىق بىر خىل يېلىم بولۇپ، ئۇ زامانىمىزدىكى «بېنزويىك كىسلاتا»نىڭ خام ئەشياسى، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، پۇراق چىقىرىدىغان بىر خىل ئورگانىك بىرىكمىدىن ئىبارەت ئىدى.

مىئە سائىلە (سىلارەس)مۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا «بۇددا ئېلى ئۇدۇن ۋە ئارساك دۆلىتىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىشقا باشلىغان»[37]. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇد ھىندىمۇ غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان مۇھىم پۇراقلىق ماتېرىياللارنىڭ بىرسى بولۇپ، 8 ـ ئەسىرلەردە «جانپۇخانى تاڭ پادىشاھىغا 30 جىڭدىن ئارتۇق ئۇد ھىندى بەرگەن»[38] لىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن بۇرۇنلا پىنىدىن پۇراقلىق تەركىبلەرنى ئايرىۋېلىپ، ئۇنى كىيىم ـ كېچەكلىرىگە سېپىپ، خۇش پۇراق پەيدا قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماي، پىنىدىن قىيما ياساپ ئۇنىڭ شىپالىق رولىدىنمۇ پايدىلانغان. مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ مالايىيا پىنىسى ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار، خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇچۇر قىلىنىشچە، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەتلەرگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ھىندىستانلىقلار، خوتەنلىكلەر، كۇچالىقلار مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا پىنىنى باشقا تەبىئىي بوياقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام ياساپ چاچ بوياش، ئۇنىڭ ئۆزىنى كىيىم ـ كېچەك يېپىنچىلىرىغا سېلىپ شەخسىي تازىلىق ۋە ئائىلە مۇھىتىنى ياخشىلاپ كەلگەن. ياۋروپالىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، «ھىندىستانلىقلارنىڭ كىيىملىرىدە ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر خىل پۇراق چىقىپ تۇرىدىكەن.»[39]

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار، پارسلار، تاجىكلار، ئارساكلار ۋە پەرەڭلەر مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەسمەن گۈلىنىڭ خۇش پۇراق تارقىتىش رولىدىن پايدىلىنىپمۇ خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار دارچىن، ئارچا، ئادراسمان، ئالما پوستى، ئەتىرگۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەرنى تاكى ھازىرغىچە خۇش پۇراق تارقىتىدىغان ماتېرىياللار سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە دىيارىمىزنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. «شىمالىي سۇڭخىيەنىنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 1077 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سۇڭ پادىشاھى بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق سودىسىدا مەستىكى، ئۇد ھىندى، سالاجىت، غوز مامىرەنچىنى، قۇستە قاتارلىق پۇراقلىق دورا ـ دەرمەكلەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ـــ كەيفېڭغا ئېلىپ بېرىپ ساتقان»[40]. «سۇڭ تارىخىدىن مۇھىم خاتىرىلەر. پۇل ـ پۇچەك» دېگەن كىتابنىڭ 38 ـ جىلدىدا سۇڭخىيەنىنىڭ 10 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «خوتەن ئەلچىسى نەنساغۇن ۋە رۇئاسلار غەربىي يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن 310 جىڭ مەستىكىنى سۇڭ پادىشاھىغا ساتقان، خوتەننىڭ سۇڭ پادىشاھى بىلەن قىلغان بۇ قېتىملىق سودىسى غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ سودا ئىدى»[41] دەپ يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ئادەتتە «مۇزا بەدەخشاندىن چىقسا، رويان پەرغانىدىن چىقاتتى»[42]. ئەنبەر ئىككى خىل بولۇپ، دەرەختىن، يەنە بىرسى دېڭىز كىتىدىن ئېلىناتتى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تاجىكلار ئەنبەر سودىسى قىلاتتى»[43]. «رەۋەن غەربىي يۇرت بىلەن پارسلار دۆلىتىدىن چىقاتتى، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى»[44]. ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىپەك يولىدىكى سودىنىڭ راۋاجلىنىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پۇراقلىق ماتېرىياللارنىڭ كۆپلەپ كىرىشىگە سەۋەب بولدى. ھىندىستاندىكى كۆجە يېقىش ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پۇراقلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. نەتىجىدە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۆجە يېقىش مەدەنىيىتى تېخىمۇ بېيىغانىدى»[45].

قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن بۇرۇنلا ئۆسۈملۈكلەردىن پۇراقلىق ماتېرىياللارنى تازىلاپ ئېلىش ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار شاپتۇل چېچىكى، ئەتىرگۈل بەرگىلىرىگە دارچىن، ئەنبەر ۋە باشقا پۇراقلىق ماتېرىياللارنى قوشۇپ «پۇراقلىق سەرراپلارنى ياسىغان»[46]. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنغان مەزگىللىرىدە ياسىغان «كۇپى (kupi) نىڭ تەركىبىدە بال، ئىسپىرت، قۇرۇق ئۈزۈم، يېلىم، مۇرمەككە قاتارلىق 16 خىل ماددا»[47] بارلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ماددىلىرى «قەدىمكى يېقىن شەرق بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرتتا دائىم ئۇچراپ تۇراتتى»[48]. مانا بۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان پۇراقلىق ماتېرىياللارنى سۇغا سېلىپ تەمىنى چىقىرىپ يۇيۇشنىڭ مىسالى.

ھىندىستان پۇراقلىق ماتېرىيال كۆپ چىقىدىغان دۆلەت بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە پۇراقلىق ماتېرىياللار «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سىرتتىن ئېلىپ كىرىلەتتى». بۇ يەردىكى سىرت دەل ھىندىستاننى كۆرسىتەتتى. «مىلادىيە 724 ـ يىلى (كەييۈەنىنىڭ 12 ـ يىلى) توخرىلار ئەلچىسى گاندىھاپالا (Gandhaphala) تاڭ پادىشاھىغا 200 نەچچە خىل پۇراقلىق ماتېرىيال بەرگەن»[49]. ھىندىستانلىقلار ۋە ھازىرقى شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار «مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا مېيىتلىرىنى كامفورا بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن يەرلىككە قويۇشقا ئادەتلەنگەن»[50]. 13 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرتتىكى مۇسۇلمانلار يىپەك سودىسى مۇناسىۋىتى بىلەن داۋاملىق گۇاڭجۇغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى، پارسلار، ئىراق، ئەرەب، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن كامفورانى دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتەتتى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن كامفورالارنىڭ سۈپىتىدە پەرق بار ئىدى»[51]. مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا ئىرانلىقلار، كۇشانىيەلىكلەر ياكى توخرىلار تۇبۇتلەر بىلەن ئىككى يول ئارقىلىق باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى. «بىرسى تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كەشمىر، يەنە بىرسى تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدى-

كى تىرىم يولى ئىدى»[52]. ئۇلار ئادەتتە قەشقەر، خوتەندىن ئۆتمەي تۇرۇپ، ھەرقانداق مالنى سىرتقا چەقىرالمايتتى، ماللار ئاساسەن قەشقەر، خوتەنلەردىكى ھەر بىر ئۆتەڭلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولاتتى.

دېمەك، يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن ھازىرقى شىنجاڭدا مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ئەتىرگۇلدىن ئەتىر، زاراڭزا چېچىكىدىن لەۋسۇرۇخ، مەڭز سۇرۇخ، ئۇپا ۋە ھەر خىل بوياقلارنى ئىشلەپ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماي، ئۇ خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى يىپەك يولىنى بويلاپ چەت ئەللەرگە ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، دەپمۇ قاراشقا بولىدۇ.

دىيارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن «قەدىمكى ئەجدادلار ئەينى دەۋرلەردە ئاساسلىق يەتتە خىل رەڭنى، يەنى يۇلغۇن چېچىكى، گۇلسۇرۇخ، لەيلىگۇل، زاراڭزا چېچىكى، ياڭاق پوستى، ئانار پوستى، گېل (زاك)، كۆكتاش، قىزىل تۇمۇر رۇدىسى، بور توپىسى، سېغىز توپا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇرلۇك پەرداز بۇيۇملىرىنى ياسىغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ يەتتە خىل ئاساسلىق رەڭنىڭ نامى ئىزاھلانغان. كېيىنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئېھتىياج تەقەززاسى ۋە گۈزەللىك ئىستەكلىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، رەڭ تۇرلىرىنى كۆپەيتىش ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈك چېچىكى (يۇلغۇن تىپىدىكى بىر خىل چاتقال بولۇپ، گۇلى پورەڭ ئېچىلىدۇ)، تۇخۇمەك گۇلى، ئىنەكپىتى (ئابدىمىلىك)، قارىقات، ئالقات، ئاقيانتاق ئورۇقى، ئازغان ئورۇقى، پىياز پوستى، ئاقتېرەك پورى (جىگەررەڭ)، قارىغاي يېلىمى، ھەشقىپىچەك، نۇشۇدۇر (سىنىك خىلورىد)، مىتوسىن (قوغۇشۇن ئوكسىد، ئاق رەڭلىك)، قارا ئۇجمە، شاتۇت (ئۇجمىنىڭ بىر خىلى)، قۇرۇم (ئاساسلىق تەركىبى كاربون) قاتارلىقلارنى ئۆزئارا تەڭشەپ، ھەرخىل رەڭلەرنى تەييارلىغان. مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلار قارىغاي يېلىمى بىلەن ئانار شۆپىكىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بوياق ياسىغان. كۆكتاشنى يانجىپ ئېرىتىپ، ئۇنى ياڭاق پوستى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، سۇس ھەم يارقىن بولغان كۆك رەڭنى ئىجاد قىلغان، ئۇلار بۇ خىل رەڭلەرنى تېرىسىگە سۈرتۈپ، ھەر خىل بويىغان»[53]. يۈزلىرىگە ۋە كالپۇكلىرىغىمۇ چىرايلىق، يارىشىملىق رەڭلەر بىلەن پەرداز قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

قەدىمكى ئانىلىرىمىز مەڭزى، كالپۇكلىرىغا ھەر خىل يارىشىملىق سۇرمىلەر سۇرۇپ پەرداز قىلىشتىن باشقا، قاش، كىرپىكلىرىنى پەردازلاپ گۈزەللەشتۇرۇشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ قەدىمكى ئېتنىك ئادەت ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىز تۇرمۇشىدا ئەنئەنە بولۇپ ساقلىنىپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن:

يۈز ئېلىش — يۈز ئېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ چىراي گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان بىر خىل پەرداز، بۇنىڭدا موچىن ۋە مەشۇت يىپتا يۈز، قاپاق ۋە پېشانىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەرنى ئېلىپ يۈز - كۆزنى كۆركەملەشتۇرىدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، كرورەن گۈزىلىگە ئوخشاش گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى ۋە گۈزەللىك ياراتقۇچى لاتاپەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىز مىس قوراللار دەۋرىدىلا (دىيارىمىزنىڭ مىس قوراللار دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلانغان ( مىستىن ياسالغان موچىنلارنى ئىشلىتىپ يۈز ئېلىشقا ئادەتلەنگەن. قەدىمكى ئانىلىرىمىز ئىشلەتكەن ۋە ئۇ ئالەمگە بارغاندا داۋاملىق ئىشلىتىپ مەڭگۇ گۈزەل پېتى تۇرسۇن، دېگەن قاراشقا ئاساسەن، جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن موچىنلار دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلاردىن داۋاملىق تېپىلماقتا.

مەسىلەن، 1999 - يىلى ئارخېئولوگلار لوپنۇردىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، قەدىمكى ئانىلىرىمىز يۈز ئېلىشقا ئىشلەتكەن موچىنلارنىمۇ تاپقان، ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

1) موچىن 1 دانە، نومۇرى M 22:14، ئۇزۇنچاق شەكىللىك بولۇپ، ئىككى ئۇچى كورەك شەكىللىك كەلگەن بىر تال مىسنى ئوتتۇرىدىن ئېگىش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇنىڭ پەقەت تۆۋەندىكى يېرىملا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 6.1 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 0.6 ـ 0.35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.7 ـ 3.6 سانتىمېتىر.

2) موچىن 1 دانە، نومۇرى M7:3. ئۇ ئۇزۇنچاق شەكىللىك بولۇپ، ئىككى ئۇچى كورەك شەكىللىك كەلگەن بىر تال مىسنى ئوتتۇرىدىن ئېگىش ئارقىلىق ياسالغان، ئىككى بىسى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ، قىسىشقا قولايلىق. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دانە چەمبىرەك سېلىنغان بولۇپ، ئۇنى يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرگىلى، بۇنىڭ بىلەن موچىننى ئىختىيارىي ئېچىپ ـ يېپىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ دەستىسىنىڭ قۇيرۇقىدىكى تۆشۈكچىگە بىر چوڭ ھالقا كىرگۈزۈلگەن. موچىننىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.15 ـ 0.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.7 ـ 3.5 سانتىمېتىر، تۆشۈكچىسىنىڭ دىيامېتىرى 14 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ساھىبجامال ئانىلىرىمىز ۋە قىز ـ چوكانلىرىمىز يەنە ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن يۈز تېرىسىنى ئاسراپ كەلگەن. مەسىلەن، ئالما، بال، خام قايماق قاتارلىق يېمەكلىكلەر ئارقىلىق يۈز تېرىلىرىگە قورۇق چۈشۈشنىڭ، يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۈز تېرىسىنى ئاقارتىش، سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

كۆز پەردازى — كونىلاردا «كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى» دېگەن ماقال بار. ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆزلىرىنى نۇرلۇق ھەم يوغان كۆرسىتىش ئۈچۈن قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا سۈرمە ئىشلەتكەن. سۈرمىنىڭ گۈزەللەشتۈرۈش رولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغىمۇ ئىگە.

لەۋ پەردازى — قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئاياللىرى تورلۇك قىزىل گۈللەردىن لەۋ پەرداز بويۇملىرى ياساپ، لەۋلىرىگە پەرداز قىلىپ كەلگەن، ئۇلار لەۋ پەردازلىرىنى «ئەڭلىك» دەپ ئاتىغان.

قول پەردازى — قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز ـ چوكانلىرى قول گۈزەللىكىگە ئەزەلدىنلا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇلار يازلىقى خېنە تېرىپ، ئۆسكەندىن كېيىن سوقۇپ، ئازراق زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ قولىغا، تىرناقلىرىغا قويىدۇ. قول قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق رەڭگە كىرىپ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۆچمەيدۇ. خېنىنىڭ قولنى چىرايلىق قىلىشتىن سىرت، يەنە ئالىقاننىڭ قىزىشى ۋە تەرلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىمۇ بار[51].

پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئىشلىتىش — ئۇيغۇر ئاياللىرى پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرگە ئامراق بولۇپ، ئۇلار ئىپار، ئەنبەر، سەندەل قاتارلىق پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يېنىدىن ئايرىمىغان. بۇ ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى مەززىلىك پۇرايدىغان بولۇپ، ھازىرقى ھاۋا تەڭشىگۈچ ۋە ئەتىرلەرنىڭ رولىنى ئوينىغان. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاشارات، قۇرتلارنىڭ چېقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىمۇ بار. دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ، قىز ـ چوكانلىرىنىڭ پەرداز بويۇملىرى ئۇلارنىڭ يالغۇز گۈزەللىك ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە ساغلاملىق ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك خىزمەت قىلغان.

قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك پەرداز قىلىش، قاش ـ كۆزلىرىنى پەردازلاش ئادەتلىرى دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەردە تولۇق ئىسپاتلاندى. بۇ ئېتنىك ئەنئەنە تارىم ـ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە، قومۇل ـ تۇرپان بوستانلىقلىرىدا ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا ئەجداد ـ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇرمۇشىدا ھېلىھەم داۋام ئەتمەكتە.

## ئىزاھاتلار:

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «قىيا تاش رەسىملىرى توغرىسىدا» ۋە «يۇرتىمىز ئىپتىدائىي سەنئىتىنىڭ رېئال تارىخىي تەسۋىرى — قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ھەققىدە» (ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 216 ـ، 254 ـ بەتلىرىدە ۋە 248 ـ، 305 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان) ناملىق يىرىك ماقالىلىرىگە قاراڭ.

② ۋاڭ بو، جىڭ جېي: «ئالتاي تېغى دوڭدىبۇلاقتىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە خاس قىيا تاش رەسىملىرى» («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان 120 — 122 ـ بەتلەر) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

③④⑤⑥⑦ سۇ بىخەي: «شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرى»، 1994 ـ يىلى، شىنجاڭ بەدىئىي سۈرەت ـ فوتو نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 409 ـ بەتكە قاراڭ.

⑧ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 2002 ـ يىللىق 1 ـ ۋە 2 ـ قوشما سان، 6 ـ، 7 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑨ دىلئارا ئابلىمىتنىڭ «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 2001 ـ يىللىق 1 ـ ساندا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

⑩⑫ سەنئەت ھوشۇر: «ئېستېتىكا ئاساسلىرى ئوقۇشلۇقى»،ئۇيغۇرچە 128 ـ، 400 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑪⑬ ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 79 ـ، 80 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑭ مۇبارەك ئاۋۇت: «قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ئۇيغۇرچە، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان، 53 — 61 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑮⑯⑰ ساۋيۇەنبۇ: «جۇڭگو خىمىيە تارىخىدىن پاراڭلار»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 146 ـ، 147 ـ، 158 ـ، 171 ـ، 172 ـ، 174 ـ بەتلەر. مامۇت قۇربانىنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە پەرداز بۇيۇملىرى» («مىراس»، 2011 ـ يىللىق 5 ـ سان 48 ـ، 54 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

⑱⑲⑳㉑㉒㉓㉔㉕㉖㉗㉘ «مىراس» 2011 ـ يىللىق 5 ـ سان 51 ـ بەت.

㉙㉚㉛㉜㉝ «مىراس» 2011 ـ يىللىق 5 ـ سان 52 ـ بەت.

㉞㉟㊱㊲㊳㊴㊵㊶㊷㊸㊹㊺ مامۇت قۇربانىنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە پەرداز بۇيۇملىرى» («مىراس»، 2011 ـ يىللىق 5 ـ سان 53 ـ بەت) ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

㊻㊼㊽㊾㊿(51)(52)(53) مامۇت قۇربانىنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە پەرداز بۇيۇملىرى» («مىراس»، 2011 ـ يىللىق 5 ـ سان 54 ـ بەت) ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(54) دىلئارا ئابلىمىتنىڭ «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 2001 ـ يىللىق 1 ـ ساندا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(ئاپتور جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)

ئابلاجان يۈسۈپ

# قومۇل ئالتۇنلۇقتىكى «چىنە گۈمبەز»گە ئالاقىدار بىر تاش ئابىدە ھەققىدە

**ئاپتوردىن:** ئالبېرت فون لېكوكنىڭ 1916 - يىلى بېرلىندا نەشردىن چىققان «شىنجاڭ فولكلورى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىگە قوشۇمچە قىلىنغان «Die T ürkische Ibschriiftm Altunluq zu Qomul» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بىر چاغاتاي ئۇيغۇرچە قول يازمىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ياماپ - يارتاپ ئوقۇپ چىقتىم. نەتىجىدە بۇنىڭ كىچىكمىدىن تارتىپ ماڭا تونۇشلۇق بولغان ئالتۇنلۇقتىكى چىنە گۈمبەزنىڭ قوپۇرۇلۇشىغا ئائىت تېكىست ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن زور قىزىقىش ئىچىدە كىتابنىڭ ئىچىنىمۇ ئاختۇرۇپ چىقتىم. كىتابنىڭ 65 - بېتىدە مەزكۇر قول يازمىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى بېرىلگەنىكەن، قوشۇمچە رەسىملەرنىڭ بەشىنچىسى بۇ قول يازمىنىڭ مەنبەسى بولغان ئابىدىنىڭ رەسىمى ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئابىدە تېكىستى ھەققىدە چوڭقۇرلاپ، ئاز - تولا ئىزدىنىپ كۆردۈم. بۇ ماقالىدە ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم.

## ئالتۇنلۇقتىكى چىنە گۈمبەز

بۈگۈنكى كونا شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ ئالتۇن كەنتىگە جايلاشقان قومۇل ۋاڭلىرى مەقبەرىسىدىكى كۆزگە تاشلىنارلىق ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرسى چىنە گۈمبەزدۇر. چىنە گۈمبەز مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇستىلار تەرىپىدىن ئون ئىككى يىلدا پۈتكەن بولۇپ، چىنە خىشتىن ياسالغان ئىسلام مېمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشتۇر.



گۈمبەزنىڭ ئىچىگە مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ، ئۇنىڭ ئايالى مېھرىبانۇ فۇجىۇك ۋاڭ ۋە ئوغلى غۇلامىددىن مۇھەممەد ۋاڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولۇپ قىرىقتىن ئوشۇق كىشى دەپنە قىلىنغان. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 17.8 مېتىر، ئاستىنقى قىسمى تىك تۆتبولۇڭ شەكلىدە بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15 مېتىر، ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ دىيامېتىرى توققۇز مېتىر بولغان چوڭ يۇمىلاق قۇببە بار. گۈمبەزنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۆت تۈۋرۈك قويۇلغان. گۈمبەزنىڭ ئىشىكى غەربكە قارىتىلغان. ئاستى تەرىپىگە كۆك گۈللۈك ئاق چىنە خىش، ئۈگزىسىگە يېشىل سىرلىق كاھىش ئورنىتىلغان.

قومۇللۇق تارىخچى ھاپىز نىياز ئۆزىنىڭ «قومۇل گۈلىستانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ گۈمبەز-

نىڭ ياسىلىشى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ ئۆزىدىن نەمۇنە
قالدۇرۇش ئۈچۈن قومۇلنىڭ گۈزەل تارىخى بولغان ئالتۇنلۇقتىكى چىنە گۈنبەزنى قىلدۇردى. قو-
مۇلدا ئىلگىرىدىن مۇنداغ ئالىي مەرتەبەدە زامانىۋى قۇرۇلغان چوڭ قۇرۇلۇش بولمىغانلىقىدىن كاش-
غەر ئافاق ھىدايىتۇللا غوجامنىڭ ئېھراملارىدىن تەجرىبە ھاسىل قىلماق نىيەتى بىرلەن بىلىملىك
ئالىملاردىن بىرنەچچە كىشىنى كاشغەرغە ئىبەردى. ئۇلار ھەر ۋىلايەت، ناھىيەلەردە سەياھەت قىلىپ
ھەريەرلەردە ئالىي مەرتەبەلىك قۇرۇلۇشلاردىن نۇرغۇن تەجرىبەلەر كەسىپ قىلدى ۋە ئاقىبەت كاش-
غەرغە يېتىپ توختىدى. ھەزرەت ئافاق ھىدايىتۇللا غوجامنىڭ چىنەدە ئەتكەن گۈنبەز بىناسىنىڭ
ياسىلىش تارىخ ئەھۋاللارىدىن نۇرغۇن بىلىملارنى ھاسىل قىلىپ، چىنە سەفال ئىشلەشدە ھاسىل
بولۇدىغان تەجرىبە - ساۋاق نەزەرىيەلەرنى ياخشى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتنى بىر سىناپ كۆ-
رۈش ئۈچۈن گۈنبەزنىڭ زاھىر شەكلىنى يىغاچدە بىر كىچىك گۈنبەز ياسىدى. ھەممە يەرلەرنىغە
سىر بىرلەن چىنەنىڭ گۈلىدەك ئارا بېرىپ چىنە سەفالدىن ھەم بىر نەچچەنى فۇشۇرۇپ گۈنبەزنىڭ
ئەمەلىيەتتىكى شەكلىنى هارابە بىرلەن قومۇلغا ئالىپ كەلدى. مۇھەممەد بەشىر ۋاڭ بۇ خىزمەتكە
بارغان ئالىملاردىن دالىچى مەمەت نىياز دېگەن كىشىنى باشلىق قىلىپ گۈنبەزنى ياساشقا كىرىش-
تى. بىر نەچچە يەردە خۇمدانلار ياسالدى. خىشلار قۇيۇلدى. بۇ گۈللۈك سەفاللارنى فۇشۇرۇشدە قو-
مۇلنىڭ چەھارباغ دېگەن بىر كەنتىدە ئەۋۋەلقى ئۆتكەن ۋاڭلار دەۋرىدە بىنا بولۇنغان تۆرت ئالمىلىق
باغ بولۇپ، شۇل باغ ئالمالارىنى خۇمدانغا يېغىپ سەفاللارنى فۇشۇرغان، دەپدۇر. بۇ گۈزەل گۈنبەز
قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەر سەرف قىلىندى. مەدىكار ئىشلە-
گۈچى ۋە ھۈنەر ئىشلىگۈچى كىشىلەر ئۈچۈن ئالتۇنلۇق يۇرت ئېرىغىنىڭ شەرق تەرەفىدە بىر
مەيدان قىلىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئاندە توشۇپ مەيدانغا تۆكۈپ ئىشچىلار قايتۇر ۋاقتىدا ھەر-
قايسىنىڭ ئۇزاش ھەققىنى ئۆز قولىغا بېرەتتى. لېكىن، بۇ گۈنبەز ھەققىدە ئىشلىگۈچىلەرگە قانا-
ئەت قىلارلىق ھەق بېرىپ تۇردى. كۆپ ئىقتىساد سەرف قىلىش بىلەن ئون ئىككى يىلدا قومۇلنىڭ
ھازىرقى گۈزەل تارىخى بولغان ئالتۇنلۇقدىكى چىنە گۈنبەزنى تەمامىغا يەتكۈزدى.»

### ئابىدە

لېكوك 1915 - يىلى 15 - ئاۋغۇست قومۇلغا بارغىنىدا ئالتۇنلۇقتىكى مولللاردىن بىرسىگە تاش
ئابىدىدىكى مەزمۇننى قەغەزگە ئالدۇرغان بولۇپ، بۇنى ئۇ كىتابىدا قەيت قىلىدۇ ۋە ئابىدە ھەققىدە قىس-
قىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن ئابىدىنىڭ تىرانسكرىپسىيەسىنى بېرىدۇ.
ئابىدە ھەققىدە لېكوكنىڭ ئۆز كىتابىدا بەرگەن مەلۇماتىدىن كېيىن، ئەخمەت ياقۇپ «قومۇل ئەدە-
بىياتى»نىڭ 2001 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلغان «قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىنىڭ ئەسلىي قە-
ياپىتى» ناملىق ماقالىسىدە شۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «چىنە گۈمبەزنىڭ غەربكە قارىغان ئىشىكىنىڭ
ئالدىدا ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1 مېتىر، قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىر چاسا گىرانىت
تاش ئۈستىگە ئېرىقچە ئېچىپ ئورناتقان قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، ئېگىز-
لىكى 2.2 مېتىر كېلىدىغان، چۆرىسىگە گۈل، نەقشلەر چېكىلگەن، پارس يېزىقىدا چىنە گۈمبەزنىڭ تا-
رىخى يېزىلغان تاش ئابىدە ئورنىتىلغان بولۇپ، چىنە گۈمبەزنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈس
بەرگەن. بۇ قىممەتلىك خاتىرە ئابىدە تاش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بورانلىرىدا ئېرىق - ئۆستەڭ-
لەرگە ئۈچۈپ بېرىپ، تاش توما قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلىپ كەتكەن. 1983 - يىلى مەدەنىيەت يادىكار-



لىق خادىمى تۆمۈر ئىمىن تەرىپىدىن بۇ خاتىرە تاشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى قاغۇم ئېرىقتىكى سۇدىن قېزىۋېلىنغان. ھازىر بۇ خاتىرە ئابىدىنىڭ قىممەتلىك پارچىسى چىنە گۈمبەز ئىچىدە ساقلانماقتا»[1] بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئابىدە نەق لېكوك كىتابىدا تىلغا ئالغان ئابىدىنىڭ ئۆزى. ئابىدىنىڭ ھازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالى توغرۇلۇق ئېنىق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدۇق.

ئابىدىنىڭ باش قىسمىدا ئەينى دەۋردىكى يېزىقچىلىق ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن دىني مەزمۇندىكى مۇقەددىمە بېرىلگەن، ئاخىرىدا چىنە گۈمبەزنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. تارىخ تەتقىقاتىدىكى قىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، تولۇق تېكىستىنى ئېلان قىلدۇق. تۆۋەندە ئابىدىنىڭ فاكسىمىلى ۋە يەشمىسىنى بەردۇق. بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن نامۇۋاپىق بولغان مەزمۇنلارغا نىسبەتەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدي مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. بارلىق مەدھىيەلەر ۋە ساناقسىز سانالار ئۇلۇغ شەرەپ ئىگىسى بولغان ھەزرىتى خۇدايىتەئالاغاكى، ئۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ئۆز جامالى ۋە كامالىنى تاماشا قىلىشقا ياراتتى. ئۆز ئىلمى ۋە سۇپەتلىرىنى

2. تونۇماقلىققا ئالىم قىلدى. ئادەمنى بارلىق مەخلۇقاتلاردىن تۈرلۈك پەزىلەت ۋە كارامەت بىلەن ئۇلۇغ قىلدى ۋە بارلىق ئىشلارغا قادىر بولۇشقا ئەقىل ۋە دانىشلىق ئاتا قىلدى.

4. ۋە ھەممىدىن ئىلغىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك كۆكسىنى ئۆز جامالىنىڭ شولىسى قىلدى. كەرەملىك ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا دۇنيانى ياراتتى. «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن ئەمرى بىلەن

4. ئاللا بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن، خالىدى، دۇنيانى مەمۇر قىلىش ئۈچۈن ئادەمنى ياراتتى ۋە ئىمارەتنىڭ قورال ـ سايمانلىرىنى

5. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياراتتى. ئۇنىڭدا دۇنيا ئىمارىتىنىڭ قۇۋۋىتى بولغاي. شۈكرىكى، شەپەق لىباسىنىڭ پانۇسىنى مۇقەددەس روھلارنىڭ چىراغلىرى

6. بىلەن يورۇتتى. شۈكرىكى، ئىشتىياق باغلىغۇچىلارنىڭ دىمىقىنى تەقدىرىمىزنىڭ سۇبھىسىدىن ئارىفلارنىڭ يېقىملىق ھىدلىرى ۋە خۇش پۇراقلىرى بەھرىلەندۇردى.

7. ئىمانىنىڭ ياخشىلىقىنى باشقا نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسىز، مالامەتسىز مەيدانىغا كەلتۈردى. شۈكرىكى، ۋىسالىنىڭ

8. بۇلۇتىنى لېۋى تەشنالارنىڭ دىماقىغا تېمىزدى. شۈكرىكى، ئەبەدىي سائادەت تاجىنى مەڭگۈلۈك دۆلەتنىڭ راۋاجىنى ئاللانىڭ رەھمەت خەزىنىسىدىن

9. ئاللا ئۆز خەلقىنىڭ باغرى ئۈستىگە ياپتى. مەدھىيە بولسۇنكى، تىلنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ نەققاشى ئاللانىڭ بارگاھىدا، ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇد دەرۋازىلىرىدا

10. ئاللانىڭ سىرلىرى ۋە مەنىلىرىنى نەقىش قىلدى. شۈكرىكى، ئاللانىڭ لۇتۇف ـ مەرھەمىتى، چەكسىز نېمەتلىرىنىڭ پۈتۈن يورۇقلىرىنى سەھەر ۋاقتىنىڭ

11. مولچىلىق ئەھلىنىڭ نۇرى بىلەن تەلەپكارلارنىڭ ۋۇجۇدلىرىغا چۈشۈردى. مەۋجۇدات خۇددى شۇنداق ئۇ شۈكۈرنىڭ ھۇزۇرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇلدى. مەدھىيەلەر بولسۇنكى، كۆڭۈلگە جانىنىڭ

12. قىلىقىنى يايدۇ. شۇكرىكى، ئۇنىڭ بىلەن جاھاننىڭ جېنىنى خۇش قىلدۇ. مەدھىيەلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ كامالىغا يېتىلسە ئۇنىڭ جامالىنىڭ ھۆسنىنىڭ ئەينىكى بولىدۇ. مەدھىيەلەر بولسۇنكى،

13. شۇنداق مەجلىسكە قەدەم تەشرىپ قىلسا، جان كۆڭۈل ھاۋاسىدىن پەرۋاز قىلىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش ئۇ قەدىم سىرلارنىڭ پادىشاھى ۋە ھېكمەت نۇرلىرىنىڭ ئاپتىپى

14. ئارىفلار ئالىمىنىڭ مەرھەمىتى، ئېھسان رەھمىتىنىڭ سەھىپىسى، جانلىرى ئاپىرىدە بولغانلارنىڭ تەبىئىتى، ئۇخلىغان كۆڭۈللەرنىڭ بۇلىقىنىڭ كۆكلەم چېغى، موھتاجلار

15. كۇلبىسىنىڭ چىرىغى، بارلىق گۇناھكارلارنىڭ شاپائەتچىسى، نۇرلۇق مازارنىڭ پىداكارى، پاك، خۇشبۇيلۇقنىڭ گۇۋاھچىسى ھەزرىتى سەيىد ئېتى ئاپتاپنىڭ قورۇقچىسى، پاكلار دۇنياسىنىڭ نۇرى

16. ئەنبىيالارنىڭ چىرىغى، رەھمەت چىرىغىنىڭ روشنى، ھەقىقەت ئويۇنىنىڭ ئىشىكى، تەرىقەت ئېپارىنىڭ مۇشك ياغدۇرغۇچىسى، رىسالەت جېدىلىنىڭ ئاپتىپى، ئۇلۇغلۇق چىمەنىنىڭ سەردارى

17. يەنى كائىناتنىڭ خوجىسى ئەۋزەل دۇئالار ۋە قۇسۇرسىز سالاملارغا، چەكسىز دۇرۇت ۋە ھېسابسىز رەھمەت ۋە يەنە دۇئالار ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە بولغاي! ئەمما روشەن خاتىرىلەرگە ئايان بولغايكى،

18. ئۇ كامىللىق دائىرىسىنىڭ مەركىزى، ئەۋزەل پەزىلەتلەرنىڭ مەركىزى، ئالەمدىكىلەر كۆزىنىڭ روشەنلىكى، دىللار ئىگىسىنىڭ ئەزىز نېمىتى، ئۇشبۇ شەھەر خەلقىنىڭ تەن ئاسايىشى ئۇنىڭدىندۇر.

19. دۆلەت بۇرجىنىڭ نامى ئۇ ئارزۇلىغۇچى پادىشاھقا ئادىل، يەنى ھەزرىتى مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ بەگ(لىڭ) ئىگىمىز بولغان مەڭگۈلۈك ئاللانىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن پەرمانلىدى.

20. بۇ يېشىل گۇمبەزنى بىنا قىلىشقا ئۇ قەدەر چىرايلىق ياسالغان، رەڭگارەڭ نەقىش - سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن، كاتتا كۆرۈنۈش، گۈللۈك نەقىش - سۈرەتلىك پۇختا خىشلار قانچىلىك لازىم، ھېسابلىغىن، ئاسمان گۇمبىزىگە ئوخشاش ئۇنىڭ

21. بەلەنلىكى كۆك - پەلەككە ئوخشاش ھەر بۇرجىدا گۇمبەز مۇنارىنىڭ بېزەلگەن رەڭلىك نەقىشلىك گۇمبەزنىڭ كاتتىلىقى، پەلەككە يەتكۇدەك نۇر ساھىبى مېھراب مۇنارىنىڭ ئەتراپىدا مەدرىسە، خانىقا، ھۇجرا

22. ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان ئۆيلەر، ياسىداقلىق ئۇشبۇ ئالتۇن مازارنىڭ بىناسىغا ئەينەككە ئوخشاش پۇختا خىشلار بىلەن نۇرغۇن نەقىشلەر ئىشلىدى. دۇر خەزىنىلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشتىن بۇ يەتتە قۇببىلىق گۇمبەزنى ئىشلىگەن مۇلازىملارغا خەجلىدى.

23. بۇ ئىمارەت ئۈچۈن مەيلى بايلاردىن بولسۇن، مەيلى پۇقرالاردىن بولسۇن، تىرناقچىلىك نەرسە ئىشلەتمەي، ھېچبىر ئادەمگە زۇلۇم سالمىدى. يەنى، بۇ ئۇمىد بىلەن خۇدانىڭ دوستلىرى

24. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بۇ يۈكسەك ۋە ئەينەكتەك جۇلالىق قۇببىنىڭ ئىگىسىنى خەيرلىك دۇئالار بىلەن يات قىلغاي. ھەزرىتى سۇبھانەۋەتەئەلادىن رەھمەت تەلەپ قىلغاي. ئۇلارنى ھەم ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا رەھمەت سايىسى ۋە شاپائەت لايىقىدا ساقلاپ شاپائەت قىلغاي!

25. بەخت ئىشىكلىرىنى ئاچقاي! ئەي، ئاللا، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە رەھمەت قىلغىن، ئەي، رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى بولغان ئاللا!

26. مىلادىيە 1850 - يىلى بىنا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ تامام بولدى.



## ئابىدە ھەققىدە تەتقىقات

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئابىدىدە باشقا ئىسلام ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئاۋۋال ئەنئەنە بويىچە ئاۋۋال ئاللا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيەلەر ئوقۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادالەتپەرۋەر مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭنىڭ گۈمبەز قوپۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى، بۇ گۈزەل ئىمارەتنىڭ خىراجىنى ھېسابلاپ ئۆز خەزىنىسىدىن مەبلەغ چىقارغانلىقى، بۇ جەرياندا ھېچكىمدىن بۇ ئىمارەت ئۈچۈن سېلىق سالماي، زۇلۇم قىلماي گۈمبەزنىڭ قوپۇرۇلغانلىقى، بۇنىڭدىن مەقسىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى

خەيرلىك دۇئالار بىلەن ياد ئېتىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكى، گۈمبەزنىڭ 1850 ـ يىلى پۈتۈپ تامام بولغانلىقى بايان قىلىنغان. ئابىدە تېكىستىدىكى بايانلار ھاپىز نىيازنىڭ بايانلىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە تەستىقلايدۇ.

## ئابىدىنىڭ تىلى

لېكوك ترانسكرىپسىيەنى بىرىشتە قايسى ئۆلچەمنى قوللانغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. چۈنكى، لېكوك «و» ھەرپىنى ئاساسەن «g»، «ف» ھەرپىنى ئاساسەن «p» قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن سۆزلەر ئېغىز تىلىنىڭ ئوقۇلۇش ئەھۋالى بويىچە بېرىلگەن. لېكوك ئابىدە تېكىستىنى قەغەزگە چۈشۈرگەن موللىنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئوقۇغىنىنى ئاساس قىلغانمۇ قانداق دېگەن پىكىردە بولدۇق. ئەمما، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىكى «سە، ساد» قاتارلىقلارغىمۇ «س»دىن باشقا ئايرىم ـ ترانسكرىپسىيەلىك بەلگىلەر ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، لېكوك بەرگەن ترانسكرىپسىيەلىك بەلگىلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن. لېكوك قومۇللۇق موللا ئابىدە تېكىستىنى يازغاندا ئۇنىڭ ئوقۇغىنىنى خاتىرىگە ئالغان، بىراق كەمچىلىكتىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا، ھەممە «و»لارنى قارىقويۇقلا «g» ھەرپى بىلەن خاتىرىلەش خاتالىقىنى سادىر قىلغان. ئۇيغۇرچە ئوخشاش ئوقۇلىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەردىكى «س»، «ز»، «ھ»، «ت» ھەرپلىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا ئۇلارغا چاغاتايچە ئەسەرلەرنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتىكى ئايرىم بەلگىلەرنى ئىشلەتكەن. شۇڭا، لېكوكنىڭ ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستىدىن ھەم قومۇل شېۋىسىنىڭ كۈچلۈك پۇرىقىنى، ھەم چاغاتاي تىلىنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. نەق شۇنداق بولغاچقا، بۇ ترانسكرىپسىيە يا يېزىق تىلىنى، يا ئېغىز تىلىنى توغرا ئىپادىيەلمەي قالغان. شۇ سەۋەبتىن بىز يانۇس ئېكمان ئىشلەتكەن ترانسكرىپسىيەلىك بەلگىلەردىن پايدىلىنىپ ئابىدە تېكىستىنى باشقىدىن ترانسكرىپسىيە قىلىپ بەردۇق.

ئابىدە 19 ـ ئەسىردىكى چاغاتايچە يادىكارلىقلارنىڭ نەمۇنىسى بولغانلىقتىن ئاممىباب تىلنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىرى سىڭگەن. مەسىلەن، «كەڭرو» دېگەنگە ئوخشاش شېۋە سۆزلىرى ئورۇن ئالغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئابىدىدە ئاللاغا ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بولغان مەدھىيەگە كۆپ ئورۇن ئاجراتقانلىقتىن ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەر زىيادە كۆپ.

## ئابىدىنىڭ تارىخىي قىممىتى

**1. چىنە گۈمبەزنىڭ ياسالغان ۋاقتى**

گۈمبەزنىڭ ياسىلىپ پۈتكەن ۋاقتى «1820 ـ يىلىدىن 1840 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر 20 يىلدا تاماملانغان ئەمەس»[2]، بەلكى 1850 ـ يىلى تاماملانغانلىقى ئابىدىدىن مەلۇم بولىدۇ. «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە «بەشىر ئۆلگەندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسى ‹مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن، بېيجىڭدىن خىش، كاھىش كەلتۈرۈپ، 15 كۇب مېتىر كېلىدىغان ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۈمبەزلىك قەبرە ياسىتىلغان›... قارىغاندا، بەشىرنىڭ قەبرىسى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياسالغان»[3] دېگەن گەپ ئاساسسىز بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا گۈمبەزنىڭ ياسالغان ۋاقتى بىلەن قەبرىنىڭ ياسالغان ۋاقتى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. تارىخىي ماقالىلەردە «1867 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دايۇەنشۇەي مۇھەممەد بەشىر ۋاڭ، شاسېلىم بەگ، ئابدۇللا بەگ، باقىبەگ، سىدىقبەگ قاتارلىق بەش كىشىنى قىلىچ بىلەن قەتل قىلدى... مۇھەممەد بەشىر ۋاڭ بىلەن سوكچولۇك خېنىمنى ئىلگىرى ـ كېيىن ئالتۇنلۇقتىكى چىنە

گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلدى»[4] دېيىلگەن. «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» بويىچە بولغاندا قەبرىمۇ، گۈمبەزمۇ مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنى 1867 - يىلىدىن كېيىن ياسالغان بولۇشى كېرەك. ئەمما، گۈمبەزنىڭ ياسىلىپ بولغان ۋاقتى قانداقتۇ گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئەمەس، بەلكى 1850 - يىلى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ تارىخىي پاكىتى سۈپىتىدە قولىمىزدىكى چىنە گۈمبەزنىڭ ياسىلىشىغا ئائىت ئابىدە تېكىستى ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

2. چىنە گۈمبەزنىڭ ياسىلىشى

«شۇ شيۇڭنىڭ ‹غەربىي يۇرت ھەققىدە نەزمىلەر› دېگەن ئەسىرىدە ‹بەشىر ئۆلگەندىن كېيىن، خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا چىڭۋاڭ دەپ نام بەرگەن ھەم سېپىلنى رېمونت قىلىش ۋە قەبرە ياسىتىش ئۈچۈن 120 مىڭ سەر تەڭگە ھەدىيە قىلغان› دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل گەپتە، ‹يولۋاس ئەسلىمىلىرى›دە خاتىرىلىنىشىچە، بەشىر ئۆلگەندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسى ‹مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن، بېيجىڭدىن خىش، كاھىش كەلتۈرۈپ، 15 كۇب مېتىر كېلىدىغان ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۈمبەزلىك قەبرە ياسىتىلغان›»[5] «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان چىنە گۈمبەزنىڭ ياسىلىشىغا ئائىت ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرسى بۇ خىل بەشىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن بېيجىڭدىن كاھىش كەلتۈرۈلۈپ، چىڭ خانى مەبلەغ ئاجراتقان دېگەن قاراش. «يېغىلىقتىن كېيىنكى خارابىگە ئايلانغان قومۇلنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، بۇ دەۋردە 7 - ئەۋلاد ۋاڭنىڭ قەبرىسىنىڭ ياسىلىشى شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بۇنداق چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سېلىنىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.» ئۇنىڭ ئۈستىگە خىش - كاھىشنى بېيجىڭدىن كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىشتۇر. مەبلەغنى كىمنىڭ ئاجراتقىنىغا كەلسەك، ئابىدىدە مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭنىڭ ئائىلانىڭ ئىنايىتى ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ، «بايلاردىنمۇ، پۇقرالاردىنمۇ بىرچاغلىق نەرسىنى بۇ ئىمارەت ئۈچۈن تەسەررۇپ قىلماي»، «خەزىنىلىرىدىن ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئۇشبۇ گۈمبەزنى ئىشلىگەن مۇلازىملارغا تەسەررۇپ» قىلغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان.

يەنە بىرسى «قەشقەرگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، قومۇلدا چىنە خىش پىشۇرۇپ، 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 1840 - يىلى پۈتكۈزگەن»[6] دېگەن قاراش. كىتابتا دەسلەپكى قاراش ئۈچۈن خەنزۇچە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بولسىمۇ، كېيىنكى قاراش ئۈچۈن ھېچبىر ماتېرىيال مەنبەسى كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئىشىنىش تەس. بۇ خىل ئوخشىمىغان ئاساسى ئاجىز قاراشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىكى ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبە يەنىلا بۇ ئابىدە، شۇڭا چىنە گۈمبەزنىڭ 1850 - يىلى مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭنىڭ پۈتۈنلەي ۋاڭلىق خەزىنىسىدىن مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلماي ياسالغانلىقى ئېنىق. بۇ نۇقتىنى ھاپىز نىيازمۇ ئۆز ئەسىرىدە «بۇ گۈزەل گۈنبەز قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەر سەرپ قىلىندى. مەدىكار ئىشلىگۈچى ۋە ھۈنەر ئىشلىگۈچى كىشىلەر ئۈچۈن ئالتۇنلۇق يۇرت ئېرىغىنىڭ شەرقى تەرەپىدە بىر مەيدان قىلىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئاندە توشۇپ مەيدانغا تۆكۈپ، ئىشچىلار قايتۇر ۋاقتىدا ھەرقايسىنىڭ ئۆزاش ھەققىنى ئۆز قولىغا بېرەتتى. لېكىن، بۇ گۈنبەز ھەققىدە ئىشلىگۈچىلەرگە قانائەت قىلارلىق ھەق بېرىپ تۇردى» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، ئابىدىدىمۇ بۇ پىكىرنى تەستىقلايدىغان بايانلار بار.

ھاپىز نىيازنىڭ «ئون ئىككى يىلدا قومۇلنىڭ ھازىرقى گۈزەل تارىخى بولغان ئالتۇنلۇقدىكى چىنە گۈنبەزنى تامامىغا يەتكۈزدى» دېگەن سۆزىنى توغرا دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا چىنە گۈمبەز مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭنىڭ ئوردا خەزىنىسىدىن ئىشلەمچىلەرگە ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىپ رازى قىلىش ئاساسىدا 1838 - يىلىدىن 1850 - يىلغىچە ياسالغان بولىدۇ.

## بەدىئىي قىممىتى

ئابىدە تېكستى ناھايىتى پاساھەتلىك بولۇپ، ئۆز ئارا جۈپلۈك قاپىيەداش سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن، بۇ ئاپتورنىڭ سۆز ئىشلىتىشتىكى ماھارىتىنىڭ نەقەدەر ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناھايىتى گۈزەل تىل ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كىشىگە قىلچە زېرىكىش تۇيغۇسى بەرمەيدۇ. مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭنىڭ چىنە گۈمبەزنى قوپۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۇمىدلىرى ئىخچام، ئەمما يۇقىرى دەرىجىدىكى بايان سەنئىتىنى قوللىنىپ يېزىلغان. بۇ خىل يۇقىرى تىل ماھارىتىدە يېزىلغان ئابىدىنىڭ ئاپتورى چوقۇمكى، قەلەمى پىشقان بىر يازغۇچىنىڭ قولىدىن چىقىشى ئېنىق. دېمەك، بۇ ئابىدە مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ زامانىدىكى گۈللەنگەن مەدەنىي ھاياتنىڭ يارقىن سىماسىدۇر.

قىسقىسى، لېكوكنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ ئابىدە تېكىستى چىنە گۈمبەزگە ئائىت بەزى تارىخىي ۋەقەلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ھەل قىلغۇچ مۇھىم ھۆججەتلىك رولىنى ئوينايلا قالماي، بەدىئىي پاساھىتى بىلەن 19 ـ ئەسىردىكى قومۇل زىيالىيلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ئەخمەت ياقۇپ: «قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

② ئەخمەت ياقۇپ: «قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

③ «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» 839 ـ بەت.

④ ئابدۇللا ئەھمىدى: «دايۇەنشەي يېغىلىقى ۋە مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ»، «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 ـ سان 79 ـ بەت.

⑤ «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» 838 ـ بەت.

⑥ «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» 838 ـ بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 يىلى، ئۈرۈمچى.

ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى: «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

مۇھەممەد سالىھ: «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

ھاپىز نىياز: «قومۇل گۈلىستانلىقى»، قول يازما نۇسخا.

ھاپىز نىياز: «قومۇل ئاسارە ئەتىقەلەرى ۋە رەسىملىك جۇغرافىيە ئەھۋاللارى» (ئىككىنچى قىسىم)، قول يازما نۇسخا.

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» (ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى، بېيجىڭ.

ئەخمەت ياقۇپ: «قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

ئابدۇللا ئەھمىدى: «دايۇەنشۆي يېغىلىقى ۋە مۇھەممەد بەشىر چىڭۋاڭ»؛ «قومۇل شەھرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (3)، 1994 ـ يىلى.

ئوسمان تۆمۈر: «مۆھۈرنامە ۋە ئۇنىڭدىن پارچىلار»؛ «قومۇل شەھرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (3)، 1994 ـ يىلى.

(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2008 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# تاۋۇزچى باي

(چۆچەك)

كىمئاب دېگەن شەھەردە بىر ئادەم سەككىز مو يەرنىڭ كۆكىنى ئاپتۇ. تاۋۇز تېرىغىلى قۇر تارتىپ، ئۇرۇق ساپتۇ. سەككىز مو يەرگە تېرىغان شۇنچە ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تۇپلا تاۋۇز مايىسىسى ئۈنۈپتۇ. ئۇ ئادەم «تاۋۇز مايىسىلىرى بۇگۈن ئۈنەر، ئەتە ئۈنەر» دەپ كۈندە ئېتىز بېشىغا چىقىدىكەن. لېكىن، شۇ تاۋۇزدىن باشقا ھېچبىر تاۋۇز ئۈنۈپ چىقماپتۇ. ھېلىقى بىر تۈپ تاۋۇز مايىسى كۈندىن - كۈنگە بوي تارتىپ ئۆسۈپ، ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئاخىر سەككىز مو يەرنى بىر ئاپتۇ. تاۋۇزچى كۈندە ئېتىز بېشىغا چىقىپ تاۋۇزلارنىڭ چۈشۈشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدىكەن. ئەپسۇس، شۇنچە كۆپ پىلەكلەردىن پەقەت بىرلا تاۋۇز چۈشۈپتۇ. بۇ بىر تاۋۇزنىڭ ئۆزى بۈگۈنى ئالمىدەك، ئەتىسى كاۋىدەك، ئۆگۈنى قازاندەك يوغىناپ سەككىز مو يەرگە پاتماي قاپتۇ. بۇ تاۋۇزنى كۆرگەنلەر ياقىسىنى چىشلەپ، ھەيران بولۇپ قاراپلا قاپتۇ، ئۇلار تاۋۇزچىغا:

— بۇ تاۋۇزنى پارچىلاپ ساتقىلى بولمىسا، قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېيىشىپتۇ. تاۋۇزچىمۇ:

— شۇنى دەڭلار، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، — دەپتۇ. ئارىدىن بىرەيلەن پادىشاھقا ئىنئام قىلىش تەكلىپىنى بېرىپ:

— بۇ تاۋۇزنى پادىشاھقا ئىنئام قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بۇ تاۋۇزنى پارچىلاپ سېتىش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي يەنە زور مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشىپ، باي بولۇپ كېتىسىلا، — دەپتۇ.

ئەتىسى تاۋۇزچى قىرىق ھارۋىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، سەكسەن توپاقنى يۇرت ئەھلىدىن ئارىيەت ئېلىپ، تاۋۇزنى ئۇدۇل خان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تاۋۇزنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىش پەرمانىنى قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، بالىچاقلىرى بىلەن تاۋۇزنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن، خاس مەھرەملىرىگە تاۋۇزنى پىچىشنى بۇيرۇپتۇ. تاۋۇز ھەم قىزىل، ھەم تاتلىق چىقىپتۇ. پادىشاھ ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار:

— ئەجەبمۇ ياخشى پىشىپتىكەن، خويمۇ تاتلىق تاۋۇز ئىكەن، — دېيىشىپ، تاۋۇزنى ئىشتەي بىلەن پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىپ ئۇرۇقچىسىنى چېقىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. تاۋۇزچى كۆڭلىدە «پادىشاھ ھېلى گەپ قىلار، ئەمدى مېنى مۇكاپاتلار» دېگەن تەمە بىلەن ساقلاپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ تاۋۇزنى كىم تېرىغان؟ — دەپتۇ.

— مەن تېرىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تاۋۇزچى مەمنۇنلۇق بىلەن.

— كىم پەرۋىش قىلغان؟

— مەن قىلغان، — دەپتۇ تاۋۇزچى.

— ھەشقاللا، — پادىشاھ شۇنداق دەپ تاۋۇزنى ھوزۇر بىلەن يەپ، ئۇرۇقنى چېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. خېلى ئۇزاق كۈتكەن تاۋۇزچى پادىشاھتىن ھېچبىر

سادا چىقمىغىنىنى كۆرۈپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. تاۋۇزچى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن «پادىشاھتىن بىرەر خەۋەر كېلىدۇ» دەپ ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرىدىكەن. ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپمۇ ھېچبىر خەۋەر بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاۋۇزچى بازارغا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇ «بىرەر گەپ تېشىلىسىمۇ تېشىلەر» دەپ ئويلاپ بىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ.

— ھەي ئۇستام، مانتا بارمۇ؟

— بار.

— خوشاڭ بارمۇ؟

— بار.

— ئەكەلسىلە.

تاۋۇزچى تۆت تەخسە غىزانى مەززە قىلىپ يەپ بولۇپ:

— ھەشقاللا، ئوخشاپتۇ، — دەپ دۇئا قىلىپ بولۇپ ئۇدۇل ئىشىك تەرەپكە مېڭىپتۇ.

— ھوي ئۇستام، توختىسىلا، تاماقنىڭ پۇلى قالدى، — دەپتۇ ئاشپەز.

— «ھەشقاللا» دېدىمغۇ.

— «ھەشقاللا» دېگەنگە ئوتتۇن كەلمەيدۇ، بۇغداي كەلمەيدۇ. غىزانىڭ پۇلىنى بېرىپ ماڭسىلا.

— «ھەشقاللا» دەپ بەردىمغۇ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ تاۋۇزچى. بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرالمىغان ئاشپەز:

— ماڭ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز، — دەپتۇ.

— نېمە قىلىسىز مەيلى، ئىشقىلىپ، تاماقنىڭ پۇلىنى بەرمەيمەن، — دەپتۇ تاۋۇزچى.

ئاشپەز تاۋۇزچىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ:

— ھەي نائەھلى، سېنىڭ قۇرۇق ھەشقاللاڭغا ئوتۇن كېلەمتى، ياغ، ئۇن، گۆش كېلەمتى؟ دەرھال تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلە، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

— ئەي، ئالەمنىڭ شاھى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ تاۋۇزچى، — مەنمۇ سەككىز مو يەرنىڭ كۆكىنى ئېلىپ تاۋۇز تېرىپ، چۈشكەن تاۋۇزنى ئالدىلىرىغا ئېلىپ كەلسەم، سىلىمۇ «ھەشقاللا» دەپ مەززە قىلىپ يەپ، ماڭا ھېچنەرسە بەرمىدىلە، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ بولغان ئىشنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ بىخەستەلىك قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە:

— راست، شۇنداق بوپتۇ. مەنمۇ ھېچنەرسە بىلمەپتىمەن، — دەپ ئاشپەزنىڭ پۇلىنى بېرىپتۇ، ئاندىن خەزىنىچىگە ئەمر قىلىپ پۇل ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. تاۋۇزچىغا 300 تىللا پۇل بېرىپ ئۇنى رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تاۋۇزچى 300 تىللانىڭ بىر قىسمىنى يەرگە سالغان خىراجىتى ئۈچۈن سەرپ قىپتۇ، يېنىدا خېلى كۆپ پۇل ئېشىپتۇ. ئۇ بۇ ئاشقان پۇللارنى ئۆزىنىڭ داۋاملىق تىرىكچىلىك ئۈچۈن دەسمايە قىلىپ، تۇرمۇشىنى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاپ، يۇرتىدىكى بايلاردىن بولۇپ، كۈنلىرىنى باي - باياشاتلىق ئىچىدە باشقىلارغا موھتاج بولماي خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسىدىن مەمەت ئىمىن ئاخۇن، توپلاپ رەتلىگۈچى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارى

# تەدبىرلىك ياغاچچى

(چۆچەك)

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە، تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە باي ـ باياشات بىر ئەل بار ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى پۇقراپەرۋەر، ئادىل پادىشاھ بولۇپ، پادىشاھنىڭ داڭقى ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. باشقا ئەلنىڭ پۇقرالىرى بۇ ئەلگە كېلىپ ياشاشقا ئىنتىلىدىكەن. پادىشاھ ئىلىم ـ مەرىپەتنى ياقلايدىغان، ھۈنەر ـ كەسپنى ئەتىۋارلايدىغان پادىشاھ بولغاچقا، ئۆز دىيارىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنى يىلدا بىر قېتىم ھوزۇرىغا يىغىپ، ھۈنەر ـ كەسپتە بەسلىشىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ ئۆز مەملىكىتى تەۋەسىدىكى بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى نۆۋەت بويىچە يىغىپ بەسلىشىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. نۆۋەت ياغاچچىلارغا كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ھۆكمى بىلەن بارلىق ياغاچچىلار ئوردا مەيدانىغا يىغىلىپ مۇسابىقىگە چۈشۈشكە تەييار بوپتۇ. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ياغاچچىلارغا قويۇلىدىغان شەرت شۇكى، ئۇزۇنلۇقى بىر گەز، توملۇقى بىلەكتەك كېلىدىغان بىر تال ياغاچنى تانا تارتماي، تۆت تەرىپىنى تەكشى قىلىپ تۈزلەپ رەندىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەتتا ياغاچنى رەندىلەش جەريانىدا رەندىلەنگەن ياغاچنىڭ تۈز بولغان ـ بولمىغانلىقىنى چەنلەپ تەكشۈرۈشكىمۇ بولمايدىكەن، قايسى ياغاچچى مۇشۇ شەرت بويىچە ياغاچنى ياخشى رەندىلەپ چىقالىسا، بىر ئېگەر، يۈگەنلىك ئات بىلەن تارتۇقلىنىدىكەن.

مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. بىراق، ھېچقايسى ياغاچچى پادىشاھنىڭ شەرتىگە لايىق ھالدا ياغاچنى تەكشى رەندىلەپ چىقالماپتۇ. چۈنكى، ئەلمىساقتىن بۇيان ھەرقانداق ياغاچچى ياغاچ رەندىلىگەندە ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىم بولسىمۇ بىر كۆزىنى قىسىپ ياغاچنىڭ ئەگرى ـ بۈگرىلىكىنى تۈزلەشنى ئادەت قىلغاچقا، بۇ قېتىم مۇنداق پۇرسەت بولمىغانلىقتىن، مۇسابىقىگە چۈشكەن ياغاچچىلار يېڭىلىپ خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئوردا مەيدانىغا بىر قولىدا كەكە، يەنە بىر قولىدا رەندە كۆتۈرۈۋالغان سادىق ئىسىملىك بىر ياغاچچى كىرىپ كەپتۇ. بۇ كىشى ھۈنەر ـ كەسپكە ماھىر، زېھنى ئۆتكۈر، زېرەك ئادەم ئىكەن. پادىشاھ بۇ ياغاچچىغا كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئەمر قىپتۇ. سادىق ئۇستا كەكە بىلەن ياغاچنى يونۇپ، رەندە بىلەن يۈزىنى رەندىلەپ تۈزلەپتۇ، ئەمما ئەگرى ـ تۈزلۈكىدىن گۇمانسىراپتۇ. چۈنكى، ئۇمۇ ياغاچنى رەندىلەپ تۈزلىگەندە بەلگە سېلىپ، سىياھقا مىلەنگەن تانا بىلەن تۈز سىزىق چىقىرىپ رەندىلەشنى، ئاندىن كۆزىگە تۇتۇپ ئەگرى ـ تۈزلۈكىنى بېكىتىشنى ئادەت قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. ئۇ پادىشاھتىن:

— ئالەمنىڭ شاھى، ئەگەر مەن مۇشۇ ياغاچنى رەندىلەپ چىقسام، ماڭا ئاۋۇ ئاق ئاتنى تارتۇق قىلامدىلا ياكى چىلان تورۇق ئاتنىمۇ؟ — دەپ ھېلىقى ياغاچنى كۆتۈرۈپ ئاتنى كۆرسەتكەن بولۇپ بىر كۆزىنى قىسىپ، ياغاچنىڭ رەندىلەنگەن يۈزىنى كۆرۈۋاپتۇ. پادىشاھ ياغاچچىنىڭ تەدبىرىنى

چۈشەنمەي:

— ئەگەر سەن بۇ ياغاچنى مېنىڭ تەلىپىم بويىچە رەندىلەپ چىقالىساڭ، قايسى ئاتنى خالىساڭ شۇ ئاتنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

سادىق ئۇستا يەنە رەندىلەشكە كىرىشىپ يەنە بىر يۈزىنىمۇ رەندىلەپ بوپتۇ ۋە ياغاچنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئاتنى كۆرسىتىپ:

— ئەگەر مۇمكىن بولسا، ماڭا ئاۋۇ چىلان تورۇق ئاتنى بەرگەن بولسىلا، خۇشال بولاتتىم، — دەپ رەندىلەنگەن ياغاچ يۈزىنىڭ تۈز ياكى تۈز ئەمەسلىكىنى بىلىۋاپتۇ ۋە ياغاچنى پادىشاھنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ياغاچنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپتۇ. ياغاچ ھەقىقەتەن تۈز ۋە سىلىق رەندىلەنگەنىكەن. پادىشاھ سادىق ئۇستىنىڭ ھۈنىرىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئىككىلا ئاتنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىپتۇ. پادىشاھ سادىق ئۇستىنى بارلىق ياغاچچىلارنىڭ ئاقساقالى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇ تەدبىرلىك، ئاق كۆڭۈل ياغاچچى بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ ئوردىدىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن باياشات، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى يېڭىسار ناھىيەلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇلۋاھىد مۆلجەرى

# خاسىيەتلىك تاش

چۆچەك

ئۆتكەن زاماندا بىر مەھەللىدە بىر ئەر - خوتۇن بولغانىكەن. ئېرى ناھايىتى سەپرا، ئاچچىقى يامان ئىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ مىجەزىگە بېقىپ ئېرى بىر ئېغىز گەپ قىلغۇچە ئون ئېغىز گەپ قىلىدىغان ۋات - ۋات خوتۇن ئىكەن. شۇ تۈپەيلى ئېرىدىن تولا تىل ئىشىتىدىكەن ياكى تاياق يەيدىكەن. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئېغىزىنىڭ ئىتتىكلىكى زادى تۈزەلمەپتۇ. قولۇم - قوشنىلىرى ئۇ خوتۇنغا ئېغىزىنى گالراق قىلىپ، پوت - قولىنى چاققان قىلىش، ھە دېگەندىلا ئېرى بىلەن تەڭ تۇرۇپ جېدەللەشمەسلىك، ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدە كۆپ تەربىيە قىلغان بولسىمۇ، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدىكەن. شۇنچە تاياق يېسىمۇ يەنە ئېرى بىلەن گەپ تالىشىپ تەڭ تۇرالىغىنىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدىكەن، ئۆزىنى ناھايىتى ئەقىللىك چاغلايدىكەن. «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەندەك، ئۇ خوتۇننىڭ بۇ ئادىتى پەقەتلا ئۆزگەرمەپتۇ.

ئېقىن سۇدەك توختىماي ئايلىنىپ تۇرغان بۇ زامان ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرىغا ئاق، چىرايىغا قورۇق سوۋغا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ئەڭ كىچىكىمۇ ئېگىزكە تاقاشقۇدەك بوپتۇ. ئۇ خوتۇننىڭ يېشى چوڭايغانچە ئېرىنىڭ تايىقى ئېغىر كېلىدىغان، باللىرىنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاياقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپتۇ.

شۇ مەھەللىدە ناھايىتى بىلىملىك، پەزىلەتلىك، باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان، قىلغان ياخشى ئىش - ئەمەللىرى بىلەن يۇرت ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇي قازانغان بىر موللا كىشى بار ئىكەن. ھېلىقى خوتۇن ئاخىر بولماي بىر كۈنى ئاشۇ موللىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ - دە، ئېرىنىڭ زالىملىقى، ھە دېسىلا دەشنام بېرىدىغانلىقى، ئۇرىدىغانلىقى، ياش ۋاقىتلىرىدا بۇنداق تاياققا چىدىغان بىلەن ئەمدى ئېغىر كېلىۋاتقانلىقى، شۇڭا ئېرى بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن بىرەر سەۋەب قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ «ھۇ» تارتىپ يىغلاپتۇ. موللام بۇ خوتۇننىڭ گەپ - سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساددا ئىكەنلىكى، ئەمما تولا سۆزلەيدىغانلىقى، شۇ سەۋەبىتىن ئېرىدىن تولا تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇنىڭغا كىچىك باللارغا تەلىم بەرگەندەك تەربىيە قىلسا ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، باشقىچىرەك يول تۇتۇش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، تالاغا چىقىپ ئۆرۈك ئۈچكىسىدەك چوڭلۇقتىكى بىر تال تاشنى تېپىپ كىرىپتۇ. ئاندىن ئۇنى سۇدا ئۈچ قېتىم پاكىز چايقىۋېتىپ «سۈپ» دېگەندىن كېيىن ئايالغا بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: بۇ بىر خاسىيەتلىك تاش. بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىڭىز بىلەن گەپ تالىشىپ قالغاندا، دەرھال «بىسمىللا» دەپ مۇشۇ تاشنى ئېغىزىڭىزغا سېلىۋېلىڭ، ئېرىڭىز ھەرقانچە ئاچچىقلى-

سىمۇ ياندۇرۇپ ئۇشۇق ـ تۇشۇك گەپ قىلماڭ، بىر ئېغىز گەپ سورىسا، بىر ئېغىز جاۋاب بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئېرىڭىز سىزنى ھەرگىز ئۇرۇپ ـ تىللىمايدۇ. مۇشۇ تاشنىڭ خاسىيىتىدىن تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالىسىز. تېخى ئېرىڭىز سىزگە زىيادە ئامراق بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاشنى ھەرگىز يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ» دەپ جېكىلەپتۇ. ھېلىقى ئايال موللامغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خوتۇن ھەر قېتىم ئېرى بىرەر ئىش تۈپەيلى ئاچچىقلىسىلا ھېلىقى تاشنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالىدىكەن. گەپ سورىسا جاۋاب بېرىدىكەن، بولمىسا خۇددى گاچا بولۇپ قالغاندەك ھېلىقى تاشنى شۈمۈپ جىم تۇرۇۋالىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئېرىنىڭمۇ ئاچچىقى يانىدىكەن. بارا ـ بارا ئېرىمۇ خوتۇنىغا بىھۇدە ئاچچىقلىمايدىغان بوپتۇ. خوتۇنىمۇ ھېلىقى موللامنىڭ دېگىنىگە ئەمەل قىلىپ، كەلسە ـ كەلمەس چالۋاقىمايدىغان، سۆزلەش نۆۋىتى كەلمىسە بىھۇدە ئېغىزنى ئۇپرىتىپ سۆزلىمەيدىغان بوپتۇ. نەتىجىدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قوشنىلىرى ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇنچە نەسىھەت قىلسىمۇ قېتىغا ئالمىغان بۇ خوتۇننىڭ تۇرۇپلا ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىشىپتۇ. ئۇلار كوچىلاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، ئۇ خوتۇنمۇ بولغان ئىشلارنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە قالدۇرماي دەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بەزىلەر ئىچىدە كۈلۈپ، موللامغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. يەنە بەزىلەر ھېلىقى «خاسىيەتلىك تاش»نىڭ خىسلىتىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقە قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ يۇرت ئىچىگە تارىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتتىكى ئاغزى ئىتتىك ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى موللامنى ئىزدەپ بېرىپ ئەنە شۇنداق «خاسىيەتلىك تاش» ئېلىپ كېلىپ، تىل ـ دەشنام ۋە تاياقتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ھېلىقى موللامنىڭ ھېكمەت بىلەن قىلغان ئىشى شۇ يۇرت خەلقى ئارىسىدا ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆلىنىپ زامانىمىزغىمۇ يېتىپ كەلگەنىكەن.

(توپلاپ رەتلىگۈچى يېڭىسار ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە،
ئېيتىپ بەرگۈچى ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاقتوقاي يېزا يالغۇز ئۆرۈك كەنتىدىن ئابابەكرى قادىر)



## رىزۋانگۇل ئۆچقۇن ئەسەرلىرىدىن











«گۈل» قولىقىدا گۈل

رەسسام: ئىمىنجان ئابدۇرېھىم


源泉 (布拉克)

بۇلاق

(维吾尔文) 总149期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 149- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：艾力·托合提　　副主编：买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:8.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043